بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 – يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

مارى لىيۇنھارت

# كىتاب سۆيگۈسى

## باللارنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ

## 99 ئۇسۇلى

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

**Kitap Sevgisi; Çocuklara Kitap Sevdirmenin 99 Yolu**

# كىتاب سۆيگۈسى

## بالىلارنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى

ئاپتورى: مارى لىيۇنهارت


| | |
|---|---|
| Tercüme:<br>**Muhammed BİŞARET** | تەرجىمە قىلغۇچى:<br>**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت** |
| Editör:<br>**Abdusemed** | تەھرىرلىگۈچى:<br>**ئابدۇسەمەد** |
| Yayıncı:<br>**Haksever İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن:<br>**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |
| Kapak ve Sayfa Tasarımı:<br>**Ufuk Tasarım** | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:<br>**ئۇپۇق ئىلان-لايىھەچىلىكى** |

**ISBN: 978 - 605 - 72284 - 5 - 1**

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2023-يىلى 12-ئاي، 1-نەشرى



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



haksever090@gmail.com



Haksever İslam Araştırma Merkezi
**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ........................................................................1

ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ..................................................3

بالىلىرىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئون سەۋەب ..........................................................5

ئەڭ مۇھىم ئون قائىدە ..........................................................9

مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا يەتمىسىمۇ، يېڭىدىن كىتاب ئوقۇشنى باشلىغان بالىلار تەربىيەسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەۋسىيەلەر.....19

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا كىتاب سۆيگۈسى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەۋسىيەلەر ...................33

كىتاب ئوقۇشتا ئاجىز بالىلار..............................................51

قانداق بالىغا قانداق كىتاب؟ .............................................59

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER

# تەرجىماندىن

كىتاب ئوقۇش ئەقىلنى باي، زېھىننى ئۆتكۈر، تەپەككۇرنى سۈزۈك، پىسخىكىنى ساغلام، كۆڭۈلنى خۇش، تىلنى راۋان، خاتالىقتىن ئامان قىلىدۇ. كىتابخۇمار، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان بالىلار كۆپىنچە تاپتىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۆز يولىنى ئۆزى تاپالايدىغان بولىدۇ، ئېغىر جىنايەتلەرنى ئاساسەن سادىر قىلمايدۇ. ئېيتىلىشىچە، تۈرمىدىكى ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىتاب ئوقۇمايدىغان، نادان، ئاڭسىز كىشىلەردىن ئىكەن. شۇڭا ئۇچۇن، بالىلىرىمىزدا كىچىكىدىن باشلاپلا كىتاب سۆيگۈسى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا كۆپرەك كىتاب ئوقۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. «كىتاب سۆيگۈسى» ناملىق بۇ كىتابچىدە بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشنىڭ 99 ئۇسۇلى بايان قىلىنغان بولۇپ، پەرزەنت تەربىيەلەش غېمىدە بولۇۋاتقان ئاتا - ئانىلار بۇ كىتابچىدىكى ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ پەرزەنتلىرىنى كىتابخۇمار قىلىپ يېتىشتۈرەلىسە، ئۇلارنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشالايدۇ.

ئاخىرىدا، جانابى ئاللاھتىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى بۇ كىتابچىدىن پايدىلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

مەن 25 يىل ئىلگىرى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمنى باشلىغان ۋاقتىمدا «كىتابخۇمار بالىلارنىڭ ئەسلىدە ئاتا - ئانىسىمۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم بالىلىرىنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرىدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ كىتابخۇمار بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىرسىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، مەن ئۇ چاغدا خاتالىشىپتىكەنمەن، چۈنكى مەن ھازىر ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بالىلىرىنىڭ ئوقۇش سۆيگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا كۆچەپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشىم بار ئىكەن، يەنى تەربىيەنى ئۆلۈك شەكىلدىكى ئىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشى نەتىجىگە يەتكۈزىدىغان ئاددىي، ئەمما لوگىكىلىق تەرتىپ ۋە قەدەم - باسقۇچلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش.

بۇ كىتابتا ئەنە شۇ بالىلارنىڭ كىتابخۇمار بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەسسە قوشىدىغان تەرتىپ ۋە قەدەم - باسقۇچلارنى ئىخچام ھالەتتە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

— مارى لېيونھارت



## باللىرىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئون سەۋەب

(1) باللىرىمىز يارامىلىق كىتابخۇمار بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا نىسبەتەن قىزغىنلىق شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شۇندىلا ئۇلار نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلىدىغان بولىدۇ. لېكىن، بۇ جەريانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(2) كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياقى بار ئوقۇرمەنلەر تېخىمۇ كۆپ سۆز بايلىقىغا ئېرىشىدۇ - دە، نۇتۇق قابىلىيىتى ئاشىدۇ ۋە قەلىمى ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىش - ھەرىكىتىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

(3) كىتاب ئوقۇش باللارنىڭ مەلۇمات دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، دەرس ئۆگىنىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ھەتتا توقۇلما رومانلارنى ئوقۇغان باللارمۇ تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسەت ۋە ئىلىم - پەنگە ئائىت ھەقىقەتلەرنى قولاي ئۆگىنەلەيدۇ.

(4) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياقى بار ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ ئارقىلىق زۆرۈر بولغان

ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماھارەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؛ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى، چەتئەل تىللىرى، تارىخ ۋە ئىلىم - پەن دېگەندەك يۇقىرى مەلۇمات تەلەپ قىلىدىغان ھەرقانداق دەرسلەردە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولالايدۇ.

(5) ئىلغار كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتى بالىلارنىڭ شەخسىي قىيىنچىلىق ۋە پېشكەللىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ ئىقتىدارنىڭ تۈرتكىسىدە ئازغىنە ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن دەرسلىرىگە يېتىشەلەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئازراق قىيىنچىلىق ياكى پېشكەللىكلەرمۇ كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمايدىغان بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

(6) كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بالىلارغا تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارى بېغىشلايدۇ. بۇ بالىلار نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ كۆپلىگەن ھايات تەسۋىرلىرىدىن ئوزۇق ئالغان بولغاچقا، ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھەرخىل ئۇسۇلىنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئىشلارغا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن قاراپ، تەپەككۇر قىلىدۇ.

(7) كىتاب ئوقۇش بالىلارنى كۆيۈمچان ۋە شەپقەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. كۆيۈمچانلىق ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى چۈشىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، كىتاب ئوقۇش ئۇلارنى مىڭلارچە ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەردار قىلىدىغان بولغاچقا، بالىلار بۇنىڭدىن ھاياتلىق يولى ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى خۇددى تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆتكۈنچى سۆزلەر بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

(8) كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياقى بار ئوقۇرمەنلەر پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتكە تولغان دۇنيانى بايقىيالايدۇ. بەزىدە بىر بالا ئۇچۇش ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بىر ھېكايە ئوقۇشى مۇمكىن، گەرچە بالىنىڭ دۇنياسى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن كىتاب ئوقۇش



ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىنى خالىغان يەرگە ئۇچۇرۇپ ئاپىرىدۇ ۋە ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلىدىغان گۈزەل بىر ئىچكى دۇنيا ھاسىل قىلىدۇ.

(9) تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بالىلاردا ساغلام تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. قۇلاق ئارقىلىق قوبۇل قىلغان مەلۇماتلار چوڭ مېڭىگە ئاۋاز ئېقىمى شەكلىدە يېتىپ كەلسە، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلىملەر بالىلارنى مۇرەككەپ مۇنازىرە قايىنىمىغا باشلاپ كىرىپ، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

(10) كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈش ھاياتتىكى ئاساسلىق خۇشاللىقلارنىڭ بىرىدۇر. تەسەۋۋۇر قىلىڭ، قىش كۈنلىرى ئىسسىق مەشنىڭ ئالدىدا ياكى تومۇز ئىسسىقلاردا ساھىلنىڭ قۇملىرىدا راھەت ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋېتىپ، مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەرگە تولغان ياكى كومېدىيەلىك بىر ھېكايە ئوقۇپ قاقاقلاپ كۈلۈش، شېرىن ۋە رومانتىك بىر قىسسىنى ئوقۇغان ھالدا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىش ھاياتىڭىزغا نەقەدەر ھۇزۇر ۋە ئارامبەخش ئاتا قىلىدۇ - ھە!؟

شۈبھىسىزكى، مۇنداق ھۇزۇرى بولمىغان ھايات ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ زېرىكىشلىك ۋە بەتتەمدۇر.



## ئەڭ مۇھىم ئون قائىدە

ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىشىنى ياخشى كۆرسىڭىز، سىزگە تۆۋەندىكى 10 قائىدىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

### 1. بالىلارغا كىتاب ئوقۇتۇشتىكى مەقسىتىڭىز ئۇلارغا كىتابنى سۆيۈشنى ئۆگىتىش بولسۇن.

كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمايدىغان بالىلارنىڭ مەلۇمات دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ، ئۇلار گەرچە ئەڭ ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ھەمىشە دەرستە ئارقىدا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىكى تۆۋەن نەتىجىسى ھەممە ساۋاقداشلىرىغا ئايان بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆزىنى «دۆت» دەپ ئويلىغۇۋالىدىغان تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ - دە، ئاخىرىدا مەكتەپتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلارغا كەلسەك، ئۇلار لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساپاسىز مەكتەپلەردىمۇ

نۇرغۇنلىغان بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھېچنەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ، چۈنكى كىتاب ئوقۇش سۆيگۈسى ماھىيەتتە ئۆگىنىشنى سۆيۈش دېمەكتۇر. كىتاب ئوقۇش سۆيگۈسى — بىلىم يولىدىكى كىشىنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ۋە شەرىپىدۇر.



**2. بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى سۆزىڭىز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن كۆرسىتىڭ.**

بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇشنىڭ ئۆزى بۇ سۆزىڭىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى سىز سۆزىڭىزنى ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، كىتاب سېتىۋېلىڭ، مەخسۇس كىتاب ئۆيىڭىز بولسۇن، ھېچ بولمىسا كىتاب تەكچىڭىزنى كىتابلار بىلەن تولدۇرۇڭ، كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇشقا مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىڭ، سىز ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار ھەققىدە بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشىڭ. بالىڭىز ئوقۇپ بەرسۇن، سىز تىڭشاڭ، ئارقىدىن بەزى مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىڭ.

بالىڭىز بىلەن كىتابقا مۇناسىۋەتلىك بەزى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مەسىلەن، كۇتۇپخانا، كىتابخانا

ۋە كىتاب يەرمەنكىلىرىگە بېرىش قاتارلىقلار. ھېيت - بايرام قاتارلىق پائالىيەتلەردە بالىڭىزغا بەرگەن سوۋغاتلىرىڭىز ئارىسىدا ياخشى بىر كىتابمۇ ئورۇن ئالسۇن.

### 3. بالىڭىزنىڭ مۇنتىزىم كىتاب ئوقۇش ۋاقتى بولمىغانلىقىدىن بىئارام بولماڭ.

بالىلار كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغاندا، سىز ھەيدەكچىلىك قىلمىسىڭىزمۇ، ئوقۇشقا ئۆزى ۋاقىت چىقىرىدۇ. مەسىلەن، بالىلار ئادەتتە ياتاق ئۆيلىرىنى تازىلاشقا ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ - يۇ، تېلېفوندا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا پاراڭلىشىشقا كەتكەن ۋاقتى ئۈچۈن ئېچىنمايدۇ. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇشنى بالىڭىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەتلىرىدىن بىرى قىلىشقا تىرىشىڭ، مۇنتىزىم كىتاب ئوقۇش ۋاقتى بولمىغانلىقىدىن بىئارام بولماڭ.

### 4. بالىڭىزنى پەقەت ئەڭ ياخشى كىتابلارغىلا يۈزلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولماڭ ياكى بۇنىڭ ئۈچۈن بەك جىددىيلىشىپ كەتمەڭ.

كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغان بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار چوڭ بولغانسېرى بالىلىق دەۋرىدە ئوقۇغان ئۇششاق - چۈششەك، ئەھمىيەتسىز كىتابلارنىڭ ھۇزۇرىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئون ياش ۋاقتىمدا مومامنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى «غەلىتە ئۆردەك» ۋە «بالىلار ئۇلپىتى» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدىكى ھېس قىلغان خۇشاللىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئەمەلىيەتتە ئۇ كىتابلار ئۇنچىۋالا ياخشى ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇنداق كىتابلار بالىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ

كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ياخشى رول ئوينايدىكەن. كۆنلەر ئۆتۈپ، باللار قىزىقارلىق كىتاب ۋە توقۇلما ھېكايىلەرنى ئوقۇشتىن زېرىكىپ قالىدىغان ۋاقىت بولغاندىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ چاغدا ئاللىقاچان كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئوقۇش سۈرئىتى ۋە چۈشىنىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، رەسىملىك يۇرۇشلۇك ھېكايىلەر ۋە باشقا ھېكايىلەر ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدۇ. باللارمۇ ھېكايىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دىققەت ۋە ھوشيارلىق بىلەن ئوقۇشقا ئالدىرايدۇ. مانا بۇ ئىلغار ئوقۇش ماھارەتلىرىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. باللار بۇ چاغلاردا «كىشىلەر نېمىشقا لاگېردىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟»، «بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ؟»... دېگەندەك تەپەككۇر قىلىشقا باشلايدۇ.

## 5. بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار ھەققىدە ئىزدىنىڭ.

سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن بالىڭىزغا ماس كېلىدىغان ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى تېپىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بەزىدە بالىڭىز ئۆزى قىزىقىدىغان «بۇ نەرسىلەرنى قانداق ياسايمىز؟»



دىگەنىدەك غەلىتە ئىشلار توغرىسىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنى بىلىپ كەتمەيدۇ. دادا بولۇش مەسئۇلىيىتىڭىز بىلەن، سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولۇشىڭىز بەكمۇ زۆرۈر. بالىڭىزنىڭ قىزىقىشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تاللىغاندا ئەستايىدىل ۋە سەۋرچان بولۇڭ. كىتاب دۇكانلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولغان ئويۇن بۆلۇمىگە قاراڭ. ئەگەر بالىڭىز ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ پايدىلىق نەرسىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا قىزىققان بولسا، قول سېلىپ ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىشنى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنى تاللاپ بېرىڭ؛ ئەگەر بالىڭىز گۈزەل سەنئەت ۋە رەسىم سىزىشقا قىزىقىدىغان بولسا، شۇ ھەقتىكى كىتابلارنى ئېلىپ بېرىڭ.

مەن بىر قىسىم بالىلار ۋە ياشلارنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەجرىبىلىرىنى كۆزەتتىم. مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان ئىش شۇكى، ئۇلار دەسلەپتە كىتاب ئوقۇشنىڭ بۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ۋە ھاياجانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇلار بىرىنچى كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر كىتابنى تېپىشقا قىزىقىدىغان بولدى. دېمەك، بىر ياكى ئىككى كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشنى باشلىۋالسىلا، كىتاب ئوقۇشقا بولغان مۇھەببەت ئادەتكە ئايلىنىدۇ - دە، ئىنسان ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشتا، تۇنجى قېتىمدا جەلپ قىلارلىق كىتابلاردىن باشلىشىڭىز كېرەك.

## 6. زوراۋانلىق ھەققىدىكى كىتابلارنىڭ بالىلارنى زوراۋان قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمەڭ.

مەسىلەن، ئەگەر سىز سىنىئالغۇدا بالىلىرىڭىز بىلەن قورقۇنچلۇق ياكى زوراۋانلىق فىلىمىنى كۆرۈش جەريانىدا، ئالۋاستىنىڭ بىر بالىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالسىڭىز ياكى ۋىدىيونى

تېزلىتىپ ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز بولىدۇ. (توغرا، بۇ كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارنىڭ دەماللىققا قوللىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى) ئەمما، بالىلىرىڭىز سىزگە: «دادا! قارا، بەك جىق قان چىقىپ كەتتى! ئاۋۇ جىنايەتچى نېمىدېگەن ۋەھشىي - ھە! مۇشۇنداقمۇ ئىش قىلامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. (بۇ بالىلاردىكى ياخشى ئىنكاس).

بىز قورقۇنچلۇق كىنولارنى كۆرۈشتىن ساقلىنالايمىز ياكى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتەلەيمىز، ئەمما كىتاب كىنوغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتور ھېكايە سۆزلەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەرگە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەيدۇ: ئۇنىڭ قانچىلىك قورقۇۋاتقانلىقى ۋە قانداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى جانلىق ۋە روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كىتابتىكى ۋەقەلىكنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كاللىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئوي - پىكىرلەرنى تەھلىل قىلالايمىز. بۇ بىزنىڭ ئىنكاسىمىزدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. بىز فىلىمدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى كۆرگەن بىلەن، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيمىز، ئەمما كىتاب ئوقۇغاندا شەكىللەنگەن پىكىر ۋە ھېسسىيات بىزنىڭ زوراۋانلىققا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى ئاشۇرىدۇ. بىز كىتابتىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن بىرگە قورقىمىز ۋە ۋۇجۇدىمىزنى تىترەك باسىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كۆرەش ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن بالىلار كىتابلىرىنىڭ خاتىمىسىدە ياكى بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن رەسىملىك، يۇرۇشلۇك قورقۇنچلۇق ھېكايە كىتابلىرىنىڭ تۈگەنچىسىدە، كىتابتىكى باش پېرسوناژ بولغان باتۇر بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا رەزىللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان قورقۇنچلۇق ۋە زوراۋانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلار بالىلارغا زوراۋانلىقنى ئۆگەتمەستىن، بەلكى جاسارەت، ئادالەت، ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىكنى ئۆگىتىدۇ.

تۇرمىلەرگە قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇ يەرلەرمۇ ئاساسەن

كىتاب ئوقۇماي يولدىن چىققان ياشلار بىلەن تولغان بولۇپ، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئادەتتە بۇزۇق ئىشلار ياكى جىنايەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

### 7. بالىلىرىڭىزنىڭ كىلاسسىك ھېكايىلەرنى ئوقۇشىنى ياخشى كۆرسىڭىزمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئالدىراپ ئۇنداق ھېكايىلەرگە قىستىماڭ.

كىلاسسىك ھېكايىلەر جەلپكارلىق تۇسىگە ئىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلار مۇرەككەپ ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ھېكايىلەر بولغاچقا، بۈگۈنكى ھېكايىلەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بىراق، بەزى كىلاسسىك ھېكايىلەردە سىز ناھايىتى توغرا ئەخلاق ۋە ئىنچىكە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە قەھرىمانلارنى تاپالايسىز. يەنە بەزىلىرىدە بولسا ھېس - تۇيغۇغا باي، ھەر تەرەپلىمە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە پېرسوناژلارنى ئۇچرىتالايسىز.

كىلاسسىك ھېكايىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق، ئىپادىلىنىۋاتقان ھېسسىيات ھەقىقەتكە تولىمۇ يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز بالىلىرىمىزنىڭ كىلاسسىك ھېكايىلەرنى ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئەمما بۇ ھېكايىلەر كىتاب ئوقۇشنى يېڭى باشلىغان بالىلار ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى بالىلارغا ناتونۇش بولغاچقا، كىتاب ئوقۇشتا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن بالا ئوقۇرمەنلەرلا ئۇلاردىن مەنپەئەت ئالالايدۇ.

ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن، ئەگەر سىز بالىڭىزدا كىتاب سۆيگۈسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان تەربىيەڭىز مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بولسىلا، ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىنى ئوقۇشتىن ھوزۇرلانغۇدەك بولغاندا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىلاسسىك ھېكايىلەرنى ئوقۇشتىنمۇ ھوزۇر ھېس قىلالايدىغان باسقۇچقا ئۆتەلەيدۇ. ئەمما، ئۇنى بۇ خىل تۈردىكى

ھېكايىلەرگە بەك بالدۇر زورلىمىغان ياخشى. ئۇنداق بولمىغاندا، باللاردا كىلاسسىك ھېكايىلەرنى ئۆچ كۆرۈش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ قالىدۇ - دە، قايتا قىزغىنلىق پەيدا قىلىش تەسكە توختايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ۋاقتى بار.

## 8. باللىرىڭىز كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ قالغان مەزگىللەردە جىددىيلەشمەڭ.

باللارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ، تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتلارغىچە ئوقۇشتىن سۆۋۈپ كەتمەي، قىزغىنلىق بىلەن كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى تولىمۇ ياخشى بىر ئىش، ئەمما بۇ خىل گۈزەل جەريان ھەردائىم يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، كۆپىنچە باللار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا قىزىقىدىغان دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ قىزىقىشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق چاغلاردا بىز ئۇلارنىڭ قولى يېتىدىغان يەرلەرگە بەزى ژۇرناللارنى قويۇپ قويۇشىمىز ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس يېڭى كىتاب سېتىۋېلىشىمىز لازىم. يەنى ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇمىغانلىقىدىن ئاغرىنىش ۋە ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى قىزغىن كىتابخۇمار بولۇش ئۈچۈن ھازىرلاۋاتقان تەييارلىق باسقۇچىدىكى بىر قىزىقىقۇچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ داۋاملىشىشىنى ۋە كىتابخۇمار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرسەك، ۋاقىت - شارائىتى كەلگەندە ئۇلار كىتاب ئوقۇش ھاياتىغا ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كېلىدۇ.

**9. بالىلىرىڭىزنىڭ يېشى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمىسا، ئۆزىڭىزگە مالامەت قىلىۋەرمەڭ.**

بەزى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرسىمۇ ھەمدە بۇ بالا كىتاب بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ كەينىگە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىشتىكى دەسلەپكى قىيىنچىلىقلار، مەكتەپتىكى ناچار كەچۈرمىشلەر، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بالىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە كەمسىتىدىغان دوستلار دېگەندەك تۈرلۈك سەۋەبلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇلار بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئۆچ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

سىز بەزىدە بالىلىرىڭىزغا خاتا ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىسىز، ئۇلارغا كىتاب ئېلىپ بەرمەيسىز، ئەكسىچە، ئۇلارغا تېلېۋىزور ۋە سىن بۇيۇملىرىنى قويۇپ بېرىسىز، ئۇلارنىڭ قولىغا بالدۇرلا تېلىفون تۇتقۇزۇپ قويىسىز. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. ئەمەلىيەتتە سىز بالىلىرىڭىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىسىز، ھەرۋاقىت ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايسىز، ئۇنداق بولغان ئىكەن سىز ھازىردىن باشلاپ نېمە قىلىشىڭىز كېرەكلىكىگە پىكىر يۈرگۈزۈڭ، ھەمىشە ئۆزىڭىزگە مالامەت قىلىپ ئولتۇرغاننىڭ قىلچە پايدىسى يوق.

**10. بالىلىرىڭىز قانچە ياشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىدىن ئۈمىد ئۈزمەڭ، ئۇلارنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.**

بەزىدە يىگىتلىك دەۋرىدىكىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىشى ئاسان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان كىتاب - ژۇرناللىرى كۆپ، قىزىقىش



دائىرىسىمۇ كەڭرى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە ياقتۇرۇشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تاپقاندا دەرھال ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتالايدۇ.

بەلكىم بەزىلەر 17 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ يەنىلا كىتاب ئوقۇشقا خۇشى يوق بىر قىزغا قارىتا «ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى» دېيىشى مۇمكىن، ئەمما بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى. ئەگەر ئۇنىڭدا ئىزچىللىق ۋە قەيسەرلىك بولسىلا، پۇرسەت ھەمىشە ئۇنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ. كىتاب سۆيگۈسى تەربىيەسى ئۇنىڭغا ياخشى ئېلىپ بېرىلسىلا، ئۇ كىتاب - ژۇرنالنى ھامان قولىغا ئالىدۇ. ئەگەر كىتاب ئوقۇشنى خۇشاللىق ئىچىدە داۋاملاشتۇرسىلا، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆز ئالدىدىكى بارلىق كىتاب - ژۇرناللارنى تامامەن ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەنگە ئايلىنالايدۇ.




# مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا يەتمىسىمۇ، يېڭىدىن كىتاب ئوقۇشنى باشلىغان بالىلار تەربىيەسى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەۋسىيەلەر

## 11. بالىڭىزنى كىچىك ۋاقتىدا كۇتۇپخانىغا كۆپ ئېلىپ بېرىڭ.

كۆپىنچە كىچىك بالىلار كۇتۇپخانىغا بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەلكىم ئۇلار كارىدوردا ۋە كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ ئوينىشى مۇمكىن، گەرچە ئۇلار تېخى بىرەر تېمىنى ئوقۇشنى قارار قىلىدىغان ياش باسقۇچىغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما رەڭدار رەسىملىك ھېكايىلەرنى ياقتۇرىدۇ. كۇتۇپخانىلاردا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى تېپىش ئاسان، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىلارنى زىيارەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە دەسلەپكى بۇ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇلارنى كۇتۇپخانىغا بېرىشقا

HAKSEVER

ئىلھاملانـدۇرۇش تولـىمۇ زۆرۈر. چۈنكـى، ئۇلاردىكى كـىتاب ئوقۇش قىـزغىـنلىـقى نۇرغـۇن كـىتابلارنـى قـىزغىـنلىـق بىلـەن ئوقۇشـقا تۈرتكـە بولـىدۇ. ئادەتتـە پەقـەت بـاي ئاتـا - ئانىـلارلا بالـىلىـرىنـى بارلىـق كـىتابـلار بىلـەن تەمىنلىيەلەيدىغـان بولغاچقا، بۇنـداق ئىقتىـسـادىي شـارائىـت ھـەمـمىلا ئادەمـدە بولـمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالـىڭىـزنـى كـىچىـك ۋاقتـىدىـن باشـلاپلا كۇتۇپخانىغـا بىللـە ئېلىـپ بېرىـڭ، ئۇ چوڭ بولغانسـېرى بۇنـداق ئادەتنـى تەرەققىي قىلـدۇرۇش تەسـكە توختـايدۇ.

## 12. بالـىڭىـزنــى ئىـمكانقــەدەر كـىتابخانـىلارغا ئاپـىرىـپ، ئــۆزى ياقتـۇرىـدىغـــان كـىتابلارنـــى سېتـىۋېلىشـــقا يـــول قويۇڭ.

بالــىلار ئـۆزى ياخشـى كـۆرىدىغـان كـىتابلارنى باشـقىلار ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇنى قايتا - قايتا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزلۈكـىدىـن ئوقۇيالايدىغـان بولغاندا، بۇ كـىتابلارنى قايتا ئوقۇغۇسـى كېلىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچۈن، بىـز چوقۇم بۇرۇن بالـىلىـرىمىـزغـا ئوقۇپ بەرگەن كـىتابلارنـى كېيىنچـە ئۇلارنىـڭ ئـۆزى ئوقۇشـى ئۈچـۈن ئۆيـدە ساقلاپ قويۇشـىـمىـز كېـرەك.

ئاتـا - ئانىــلار كـىتابلارنىـڭ ھـەمـمىسـىنى كـىتابخانـىلاردىـن سېتـىۋېلىشـىنىـڭ ھاجىتـى يـوق. مەسـىلەن، مال سـېتـىۋېلىش مەركـەزلىـرىنـى، ھـەتتـا ئـەرزان باھالىـق بازارلارنـى زىيـارەت قىلـغىنىـمىــزدا، ھـەربىــر بالـىمىــز ئۈچــۈن مــاس كـىتابلارنـى سېتـىۋالـساق بولـىدۇ. چۈنكـى، كـىتابنىــڭ قـىمـمـەت بولـۇشـى مۇھـىـم ئـەمــەس، ئەسـلى مۇددىئـا پۇللـىرىمـىزنـى پەقـەت يېـمـەك - ئىچمەككـىـلا سـەرپ قـىلـماسـتىن، بەلكـى كـىتابلارغىـمۇ خـىراجـەت قىلـىشـىمـىز كېرەكلىكـىگـە بالـىلارنىـڭ دىققـىتـىنـى جەلـپ قـىلىـشـتـۇر. بـەزى بالــلار تاشـقى كـۆرۈنۈشـكـىمۇ كـۆڭـۈل بۆلـىدۇ، شـۇڭـا سـېتـىۋالغان كـىتابلارنىـڭ بـەزى كـۇتـۇپخانىـلاردا كـۆرگـىنىـمىـزدەك سۈپەتسـىـز ئـەمـەس، بەلكـى رەتلىـك ۋە پاكىـز بولـۇشـىغا دىققـەت قىلـىشـىـمىـز كېـرەك.



**13. ئەرزان باھالىق كىتابلارنى كۆپ سېتىۋېلىپ، ئائىلە كىتابخانىڭىزنى بېيىتىڭ.**

نىمكەش كىتاب دۇكانلىرىدا كىتابلارنى ئەرزان باھادا تاپالايسىز، بەزىلىرىنىڭ خۇددى يېڭى كىتابتەك سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بۇنداق كىتابلارنىڭ باھاسى ھەتتا كىتابخانىلاردىكى يېپيېڭى كىتابلارنىڭ تۆتتىن بىرى، ھەتتا ئۇندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىڭىز ئۈچۈن بۇنداق دۇكانلاردىن ئۇ ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق كىتابنى سېتىۋالالايسىز - دە، بالىڭىز خالىسا كىتابلارنى يىرتىۋەتسە، كېسىۋەتسە، ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىسا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئۆي ياساپ ئوينىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق.

**14. سىنىئالغۇ لېنتىلىرىغا خەجلىمەكچى بولغان نەق پۇلىڭىزغا كىتاب سېتىۋېلىڭ.**

سىنىئالغۇ لېنتىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاجراتقان مەبلىغىڭىزگە ئىككىلەنمەستىن بالىڭىز ئۈچۈن كىتاب سېتىۋېلىڭ، بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ۋە تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان داڭلىق ھېكايە كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا پۇل خەجلەشتىن بېخىللىق قىلماڭ.

## 15. يۇقىرى ئاۋازدا كىتاب ئوقۇشنى بالىڭىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىشقا ئايلاندۇرۇڭ.

بۇ جەھەتتە سىز ھەر دائىم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تەۋسىيەلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بالىڭىزغا ئۇ ياخشى كۆرگەن خالىغان كىتابنى ئوقۇپ بېرىڭ، كىتاب بەزىدە ئەھمىيەتسىز تېكىستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ياكى ئىككىنچى قېتىم تەكرار ئوقۇپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ سىزدىن بىر ھېكايىنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، بىزار بولۇپ، كايىپ قېلىشىڭىز، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ سېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىز ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، سىز سەۋرچان بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئوقۇش ئۇسلۇبىنى كۆپ خىللاشتۇرۇڭ، ئۇنى تېخىمۇ قىزىقارلىق ھالەتكە ئەكېلىڭ. مەسىلەن، بالىڭىزنىڭ تۈزىتىپ قويۇشى ئۈچۈن بەزى سۆزلەرنى قەستەن خاتا ئوقۇڭ، كىتاب ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا ئوخشىمىغان ئاۋازلار ئارقىلىق ئىپادىلەڭ، بالىڭىز بىلەن بىرگە كۈلۈڭ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككىڭلار كىتاب ئوقۇۋاتقان ۋاقىتنى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە قىزىقارلىق پەيتكە ئايلاندۇرۇڭ. ئەگەر ئاخىرىدا بالىڭىزنىڭ دىققىتى تۆۋەنلەپ كەتسە، تېزلا ئوقۇپ تۈگىتىڭ. مەسىلەن، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى «ھازىر... ئېيىق خۇددى سەن مۇنچىغا چۈشكەندەك يۇيۇنۇشقا باشلاپتۇ» دېگەندەك قىزىقارلىق شەكىلدە ئاخىرلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ. ئاۋازلىق كىتاب ئوقۇش سۆھبەتلىرى بالىلارغا كىتابنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كىتاب تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## 16. بالىڭىز ھەمىشە سىزنىڭ كىتاب ئوقۇپ بېرىشىڭىزگە تايىنىۋالمىسۇن.

بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزى مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولۇشى كىتاب ئوقۇتۇش تەربىيەڭىزدىكى ئاساسلىق پىلانىڭىز بولسۇن. بالىڭىز بىرئاز كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندا ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى سەل يىراق تۇتۇڭ. بالىڭىز بارا - بارا مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ مەلۇم بىر ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ بولغۇچە، ئۇنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىڭ. مەسىلەن، سىز ئازراق بۆلىكىنى ئوقۇپ بېرىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى يىغقاندىن كېيىن: «سەن بەك ياخشى ئوقۇيسەن، مەن سېنىڭ ئوقۇپ بېرىشىڭگە ئامراق. ھېكايىنىڭ داۋامىنى سەن تولۇقلاپ ئوقۇۋەتسەڭ قانداق؟ ھېكايىنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇخلىساڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!» دېگەندەك گەپلەرنى قىلسىڭىز بولىدۇ. سىز بۇ ئىشلارنى بالىڭىزنىڭ باشقىلارغا تايىنىۋالماي ئۆزى مۇستەقىل كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن قىلىشىڭىز كېرەك. بالىلاردا بۇنداق ئادەت يېتىلگەندە ھەمىشە باشقىلارغا: «سەن ماڭا كىتاب ئوقۇپ بەر، مەن تىڭشاي» دەپ، باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ.

## 17. بالىڭىزنىڭ ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇنقى مەزگىللەردە كىتاب ئارىلاشقان ئويۇن ۋە پائالىيەتلەرنى ئوينىشىغا ياردەم بېرىڭ.

بالىڭىزنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھېكايە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. كۇتۇپخانا، كىتاب دۇكانلىرىغا ئالاقىدار ئويۇنلارنى ئوينىسۇن ۋە ياكى كىتابتا ئوقۇغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى دوراپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابلارنى بالىڭىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر



قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىڭ. كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىڭ.

### 18. بالىڭىزنىڭ مۇۋاپىق شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئويۇنلارنى بىرگە ئويناڭ.

بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئويناۋاتقان ئويۇننىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ۋە خۇشاللىنارلىق بولۇشى بەكمۇ مۇھىم. ماگىزىنلاردىكى تەييار ئويۇنلارنى ئوينىغاندىن كۆرە، سىز پايدىلىق ئويۇنلارنى ئىجاد قىلسىڭىز ياكى تەييارلاپ بەرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئويۇنلارنى خالىغان چاغدا، خالىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ توغرىسىدىكى ئويۇنلار ناھايىتى قولاي. مەسىلەن، تاماقلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ قايسى ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى سوراش ئارقىلىق، بالىڭىز بىلەن سوئال - جاۋاب ئويۇنى ئويناڭ. بەزىدە سىز قەستەن خاتا جاۋاب بېرىپ بالىڭىزغا تۈزىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بالىلار ئادەتتە ئويۇن ئوينىغاندا، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوينىغاندا ئويۇننىڭ باش قەھرىمانى بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، سىز سىپتىۋالماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ، ئاندىن بالىڭىزغا سىپتىۋالماقچى بولغان مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىسمىنى تاپقۇزۇڭ ياكى مەلۇم بىر ھېكايە ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، مەزكۇر سۆزلەر تىلغا ئېلىنغاندا بالىڭىزنى ئۇ سۆزلەرنى تەكرارلاشقا بۇيرۇڭ ۋە ياكى بالىڭىز مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ئىسمىم كارتوچكىلىرىنى ياتاق ئۆيىدىكى تام، ئىشكاپ، دېرىزە قاتارلىق نەرسىلەرگە چاپلىسۇن. يىغىپ ئېيتقاندا، بالىڭىز خۇشاللىق ھېس قىلسىلا كىتاب ئوقۇشقا ياردىمى بولىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتنى قىلسا بولىدۇ.

## 19. كىتاب ئوقۇش جەريانىدىكى ئاۋاز ۋە تىل مەسىلىسىدە بالىڭىزغا تولا ئارىلىشىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ.

بالىلارغا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا تىل ۋە ئىنتوناتسىيەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەرنىڭ: «بالىلارغا بالدۇر كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىش پۈتۈنلەي ئاۋاز ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك، بالىلار چوقۇم بىلمەيدىغان سۆزلەرنىڭمۇ تەلەپپۇزىنى ئۆگىنىشى كېرەك» دەپ قارىشى ئىزچىل ھالدا چوڭ تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرە پەيدا قىلىۋاتقان بىر مەسىلىدۇر. بۇ خىل تەلىم ئۇسۇلى بالىلارنى تەلەپپۇزى ئوخشاش بولغان سۆزلەر تىزىملىكىگە قاپساپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاۋاز ماھارىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ يېزىلغان ھېكايىلەر بىلەن چەكلەپ قويىدۇ.

تىلنى ئاساس قىلىدىغان مائارىپچىلارنىڭ ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش تەربىيەسى ئازراق ئاۋازلىق مەشىقلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتراپلىق بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە مائارىپ تەربىيەسى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى بىرلەشتۈرۈش يولى ئارقىلىق ئېلىپ

بېرىلىدۇ. بالىلار ئاۋازنى تەكرارلاش ئارقىلىق، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنگەندىن كۆپرەك، بەزى سۆزلەرنى كۆرۈش ياكى پەرەز قىلىش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ.

بەلكىم، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىكىشى تېخىمۇ ياخشى نەتىجە بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى بەزىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۆگەنسە، يەنە بەزىلەر ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىدۇ، بەزى تەلەيلىك بالىلار بولسا بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسى بىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاسان ئۆگىنەلەيدۇ.

## 20. بالىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىڭ.

بۇ سىزنىڭ بالىڭىزغا ئوقۇشنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆگىتىشىڭىزگە ھەمدە ئۇلارغا نىسبەتەن نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىيالىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدىغان يەنە بىر سەۋەب. مەسىلەن، ئەگەر بالا بىردىن ئارتۇق نەرسىنى ئېسىدە تۇتالمىسا ياكى ئۇ داۋاملىق خاتا سۆزلەرنى ئىشلەتسە ۋە بۇ سەۋەبلىك ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارقىدا قالسا، ئۇنداقتا سىز كۆرۈنىدىغان (جىسمىلىق) ئويۇنلار ئارقىلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، ئىسىم كارتوچكىلىرىنى كۆرسىتىش ئويۇنى، نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئويۇنى، سۆز سېلىشتۇرۇش ئويۇنى ... قاتارلىقلار.

يەنە بىر جەھەتتىن، مەسىلەن، ئەگەر سىزنىڭ توغرا ئاھاڭدا ياكى مۇزىكىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ بىر قىسىم ناخشىلارنى ئوقۇيالايدىغان بالىڭىز بولسا، ئۇنداقتا سىز ئاۋازلىق ئويۇنلارنى سىناپ بېقىشىڭىز كېرەك، بۇنداق بولغاندا بالىڭىز تېخى مەكتەپكە كىرمەي تۇرۇپلا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىشتە مەكتەپ قايسى خىل مائارىپ ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

**21. ئەگەر بالىڭىز كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمىسا، بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ، بەلكىم ۋاقتى كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.**

بەزى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئىقتىدارى باشقىلارغا قارىغاندا ئاستا بولىدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال، ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ هاجىتى يوق. ھەركىشىنىڭ هاياتلىقىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئەگەر بالىڭىز دوستلىرى بىلەن لاي ئويۇنى ئويناشنى ياكى تونېل قېزىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى شۇنداق قىلغىلى قويۇڭ ھەمدە ئۇنى بۇ ھەقتىكى كىتابلارغا قىزىقتۇرۇپ، قېزىش قوراللىرى توغرىسىدىكى كىتابلارنى تاللاپ سېتىۋېلىڭ. بۇنداق كىتابلارنى ئۇنىڭغا داۋاملىق ئوقۇپ بەرسىڭىز ئاخىرىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز.

**22. بالىڭىزغا كۆپ قېتىملىق، رەسىملىك ھېكايە كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىڭ.**

بۇ خىل ئۇسۇلنى بالىڭىزغا سىناپ بېقىڭ، بەلكىم ئۇ سىزگە چىڭ تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا: «بۇ كىتابنى قايتا ئوقۇغۇڭىز بارمۇ؟» دېسىڭىز، بەلكىم ئۇ: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما، بۇ ئىش تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالىڭىز ۋەقەلىكتىكى مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ قىسقا هاياتىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئۇزۇنراق بايان قىلىنغان يەنە بىر پېرسوناژنىڭ ۋەقەلىكىنى، ئاخىرىدا بارلىق بۆلۈملەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خۇشاللىق بىلەن ئوقۇپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتۈن كىتابنى ئۆزى ئوقۇپ چىققان بولىدۇ.

بەزىدە سىز بۇ خىل كىتابلارنىڭ بالىڭىزغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى بالا ئۇنىڭدا




كۆرۈش سېزىمىنى ئىشلىتىدۇ، چۈشىنەلمەيدىغان سۆزلەرنى رەسىملەرنىڭ ياردىمىدە ئوقۇپ بىلەلەيدۇ. ھەتتا بالىڭىز بۇ تۈردىكى كىتابلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، بىر قانچە يىلغىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئاسراپ، كىتاب تەكچىسىگە رەتلىك تىزىپ قويىدۇ.

## 23. بالىڭىزنىڭ تۇنجى قېتىم كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ھەرگىز پەرۋاسىزلىق قىلماڭ.

ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى ھەمىشە مۈشكۈل بولىدۇ، ئەمما ماختاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىشىغا چوڭ ياردىمى بولىدۇ. شۇڭا بالىڭىز تۇنجى قېتىم كىتاب ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئۇنى ماختىشىڭىز ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىڭىز ھەمدە ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرىنى تىڭشاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىشىڭىز كېرەك. بالىڭىز سورىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۇنىڭغا دەرھال ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىڭ. «سۆزنىڭ يېزىمىنى خاتا تەلەپپۇز قىلدىڭ» ياكى «تەلەپپۇزۇڭ ئەسلا توغرا ئەمەس» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىڭ. بالىڭىز توغرا

ئوقۇيالايدىغان سۆزلەرگە دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ماختاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇزۇنغا قالماي بالىڭىز ماھىر ئوقۇرمەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

**24. بالىڭىز كىتاب ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىڭ.**

ئوقۇش ياكى چۈشىنىش قىيىن بولغان كىتابلار ئارقىلىق بالىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ، دەپ ئويلىماڭ. بەلكى، بۇنداق كىتابلار ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن بولۇشى ئۈچۈن، قىينالمايدىغان، ئاسان ۋە ھۇزۇرلۇق كىتابلارنى سېتىۋېلىڭ.



**25. ئەگەر بالىڭىز قىيىنراق كىتابنى ئوقۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، دەرھال ئۇنى ھازىرلاپ بېرىڭ، ھەيران قالارلىق نەتىجىلەرنى كۆرىسىز.**

بەلكىم بۇ ۋاقىتتا سىز بالىڭىزنىڭ بىر نەچچە بەت كىتاب

ئوقۇش ئۈچۈن نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم ئۇ كىتاب ئوقۇۋېتىپ بىر سۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىشى مۇمكىن. ھەيران قالارلىق نەتىجە شۇكى، ئەگەر ئۇنىڭ قىزىقىشى يېتەرلىك بولسا، ئۇرغۇن سۆزلەرنى چۈشىنىپ ئوقۇيالايدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنالايدىغان بولىدۇ. بەزىدە بالىڭىز كىتابنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئوقۇپلا: «ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن» دەپ تاشلاپ قويىسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يەنە قايتا قولىغا ئېلىپ، چۈشىنىشكە تىرىشىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزى بالىلار بۇنداق كىتابلاردىن بىر نەچچە يىلدا ئاران بىرنى تۈگىتىشى مۇمكىن، ئەمما كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى سۇسلاپلا قالمىسا، يەنىلا ھېچ ۋەقەسى يوق.

## 26. تەڭتۇشلىرى كىتابنى ياخشى، پۇختا ئوقۇيالايدىغان پەيتتىمۇ بالىڭىزنىڭ يەنىلا خېلى ۋاقىتقىچە رەسىملىك كىتابلارنى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇۋېرىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

«رەسىملىك كىتاب ئوقۇيدىغان بالا پەقەت ھەر بېتى ئون نەچچە سۆزدىنلا تەركىب تاپقان ياكى بىر نەچچە قۇرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى ئوقۇغان بولىدۇ، تۇزۇك ـ رەك بىلىم ئالالمايدۇ» دەپ ئويلىشۋالماڭ، ھېچقىسى يوق. بالىڭىزنى شۇ كىتابلارنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى قويۇڭ. «چوڭ بولغاندىمۇ يەنە مۇشۇنداق كىتابلارغا باغلىنىپ قالارمۇ؟!» دەپ ئەنسىرىمەڭ. ھەتتا بالىڭىز ئادەتتىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا ماھىر بولغان تەقدىردىمۇ، بەزى رەسىملىك كىتابلار ياكى سۈرەتلىك ئىزاھاتلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشىڭىز كېرەك. ھەممىشە سۈرەتلىك ماتېرىياللارغا تايىنىۋالىدىغان بالا ئادەتتىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى بەك ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. سىز يەنىلا پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك.

**27. بالا مۇستەقىل ھالدا كىتابنى ياخشى ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا يەنە داۋاملىق كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ ياكى ئۇ سىزگە ئوقۇپ بەرسۇن.**

بالا مۇستەقىل ھالدا كىتابنى ياخشى ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قويغاندەك تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا يېقىن ئاپتورلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ياخشى بىر تەلىم ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بالا كىتاب ئوقۇشقا ئېغىرلىق قىلىشى مۇمكىن، ئەمما سىز ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق سىزگە كىتاب ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئائىلىدە تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك شەخس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

**28. بالىڭىز ئۈچۈن يەسلى ئىزدىگەندە، پەقەت كىتاب ئوقۇشنىلا ئۆگىتىدىغاننى تاللىماڭ.**

يەسلى تاللاشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بالىلارنى راھەت ۋە خۇشاللىنارلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر بالا ئۇ يەردە ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەنسە، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى، ئەمما بۇ ئاساسلىق تەلەپ ئەمەس.

بالىلار يەسلىسىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەڭ ناچار ئىشلاردىن بىرى — ئۇلارنى شارائىتى پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇن كىتاب ئوقۇشقا بېسىم قىلىشتۇر. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرسە، بالىلار پەقەت يەسلىنىلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇشنىمۇ يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

# باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا كىتاب سۆيگۈسى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەۋسىيەلەر

**29. بالىڭىزنى كۆپ قىسىملىق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

بالىڭىز كۆپ قىسىملىق كىتابلارغا تونۇش قىلىپ، بىرىنچى قىسمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قىسمىنى ئۆزى ئىزدەيدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، كۆپىنچە ھاللاردا پۈتۈن قىسىملىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا يېڭى سۆزلەرنىمۇ ئۆگىنىدۇ ۋە تېز ئوقۇشقىمۇ ئادەتلىنىدۇ، بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشى سەۋىيەسى ۋە قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ - دە، پىشقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئادىتىنى ئۆزىدە ھازىرلىيالايدۇ.

**30. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان باللاردا دائىم كىتاب ئوقۇشنىلا ئويلايدىغان پىسخىكا يېتىلىپ قالىدۇ.**

بالا مەلۇم ئاپتورنىڭ بىر يۈرۈش كىتابلىرىدىن ھەقىقىي ھۇزۇرلانغاندا، ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ

تۈگەتمىگۈچە باشقا نەرسە ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھېچقىسى يوق، ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۇ ھامىنى باشقا ئاپتورنىڭ كىتابلىرىغا يۆتكەلمەي قالمايدۇ.

**31. بالىڭىزنى كۇتۇپخانىغا بېرىشقا دائىم رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇڭ، ئەگەر بالىڭىز ئوقۇماقچى بولغان كىتابنىڭ كۇتۇپخانىدا يوقلۇقىنى بايقىسىڭىز، ئۇنى چوقۇم سېتىۋېلىڭ.**




HAKSEVER

بەزى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا بالىڭىزغا ماس كېلىدىغان كىتابلار بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، سىز بالىڭىزنىڭ ئۇنداق كىتابلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنى چوقۇم سېتىۋېلىڭ.

**32. بالىڭىزنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىنى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋاقتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان زىچ پائالىيەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتمەڭ.**

كۆپىنچە بالىلار ۋاقتىنى پۇتبول ئويناش ياكى مۇسابىقە كۆرۈش، كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىش، رەسىم سىزىش ۋە

سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىدۇ. بالىلارنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى بۇنداق پائالىيەتلەرگە سەرپ قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشلارنى قىلىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت كۆپ. بالىڭىز بەزى ئەھمىيەتسىز پائالىيەتلەردىن ۋاز كېچىپ، چوقۇم ئىختىيارىي ھالدا كىتاب ئوقۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ ھەپتە ئاخىرى كۈنلىرى ئەتىگەندە كارىۋىتىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ۋە ياكى كونا كىتابلارنى ئوقۇۋاتقان ياكى رەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇنى ۋاقىت ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىماڭ. توغرا، ئۇ پۈتبول ئويۇنىغاندا كوللېكتىپ پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ ۋە قىيىن ئەھۋاللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئەمما، ئۇ چوقۇم ساپالىق ۋە بىلىملىك بولۇشى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشى كېرەك.

## 33. بالىڭىزنىڭ كىتاب - ژۇرناللارغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە تەنتەربىيەگە بولغان قىزىقىشىدىن يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

سىز بالىڭىز ئۈچۈن زور مىقداردا پۇل خەجلەپ ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالسىز، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېچىش كۆلۈبلىرىغا بارسىز - يۇ، ئەمما ئۇنى بالىلار ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قىلىشنى ياكى ئۇنىڭغا كىتاب ئېلىپ بېرىشنى رەت قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بالىڭىزنىڭ بۇ چاغدىكى تەسىراتى قانداق بولار؟ ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن قانچىلىك كىتاب سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

**34. تەنھەرىكەتچى بالىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىدىن يىراقلىشىش ئېھتىماللىقى باشقا بالىلاردىن يۇقىرى بولىدۇ.**

تەنھەرىكەتنى سۆيىدىغان بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قايسى خىل ئۇسۇللارنى قوللىنالايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. مەسىلەن، بالىلار ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ، بالىڭىز ئويۇن نۆۋىتى ساقلاۋاتقاندا ئوقۇپ قىلىشى مۇمكىن. تىرېنېردىن كوماندا ئەزالىرىنى كىتاب ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىڭ ھەمدە بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كوماندىلار ھەققىدە كىتاب ۋە ماقالىلەر بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىڭ.



**35. پۇل، ئويۇنچۇق ياكى تەنتەربىيە كارتىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق بالىڭىزنىڭ بەزى قىزىقىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ.**

بالا ئادەتتە تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. بۇنىڭ پايدىلىق يېرى شۇكى، بالا بۇ قىزىقىشلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ھەممە نەرسىنى ئوقۇشقا يۈزلىنىدۇ. دەۋرىمىزدە بالىنىڭ ئەقلىدىن كەچكەن ھەرقانداق بىر قىزىقىشى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى تاپقىلى بولىدۇ.

**36. بەزى بالىلار سەھنە ئەسەرلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.**

كۇتۇپخانىلاردا ئادەتتە بالىلار تىياتىرلىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەر بار. سىز ئۇ سەھنە ئەسەرلىرىنى بالىڭىز بىلەن بىللە ئوقۇڭ ياكى ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تىياتىردىكى روللارنى دراماتىك هالەتتە ئوقۇشىغا ياردەملىشىڭ. سىز كىتابلارنى، بولۇپمۇ دىيالوگ كۆپ بولغان كىتابلارنى پات - پات يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىڭ. بالىڭىزغا باش پېرسوناژنىڭ سۆزىنى ئوقۇش پۇرسىتى بېرىپ، ئۆزىڭىز ئاپتورنىڭ ياكى باشقا قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇڭ. بۇ ۋاقىتتا، كىتابتىكى رىۋايەتلەرنىڭ نەقەدەر كومېدىيەلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

**37. بالىڭىزنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، ئاندىن نۇرغۇن ھەجۋىي رەسىملىك كىتاب - ژۇرناللارنى تەييارلاپ قويۇڭ ھەمدە بىرئاز فىلىم قويۇپ بېرىڭ.**

بۇ دوستلار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش كاتېگورىيەسىگە تەۋە. سىز پەقەت بالىڭىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭمۇ كىتابخۇمار بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىشىڭىز كېرەك، چۈنكى بالىڭىزنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ ماڭىدۇ. بالىڭىزنىڭ كىتابخۇمار دوستلىرىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

مەن بىر قېتىم بالامنىڭ دوستلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ، بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بەردىم. دەسلەپتە ھەجۋىي رەسىملىك كىتاب - ژۇرناللارنى ئۇلارنىڭ كۆزى چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ قويدۇم. ئۇلار فىلىم كۆرۈپ، تاماق يەپ، ياستۇق ئۇرۇشى ۋە باشقا

كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنى ئويناپ تازا پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، مەن كەسكىنلىك بىلەن: «مەن ئەمدى خىزمەت قىلمىسام بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىڭلارنىڭ ئاۋاز چىقارماي جىمجىت تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدىم ۋە يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن تۇرۇپ، كىتاب - ژۇرناللارنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

## 38. بالىڭىز كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ئەھمىيەتسىز ئادەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

سىز بەلكىم كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ھەرقانداق بالا ئادىتى بويىچە بىر كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر كىتابنى دەرھال باشلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بالىنىڭمۇ بەزىدە بىر كىتابنىڭ بىر بۆلىكىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، باشقا بىر كىتابنى باشلاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايسىز. سىز بەزى كىتاب ھەۋەسكارلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش جەريانىدا بىر نەرسە يەيدىغانلىقىنى، ياكى يول مېڭىۋېتىپ كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىنى، ياكى بەزىدە كىتاب بەتلىرىنى قاتلاپ قويۇپ، رادىيو ئاڭلايدىغانلىقىنى ۋە ياكى كىتاب ئوقۇغاچ تېلېۋىزور كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بەزىدە بەلكىم بىر نەچچە ئايغىچە «پالانى يازغۇچىنىڭلا ھېكايىلىرىنى ئوقۇيمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، كېيىن بىردىنلا ئۇ يازغۇچىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېغىر مەسىلە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاپ قالماسلىقىدۇر.

**39. ئەگەر بالىڭىز يازلىق لاگېر ياكى مەكتەپ ساياھىتىگە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا كىتاب - ژۇرنالنى ھەمراھ قىلىپ بېرىڭ.**

ئادەتتە لاگېر پائالىيەتلىرىدە بالىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن قىسقا بىر ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، چۈش ۋاقتىدىمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان ئارام ئېلىش ۋاقتى بولىدۇ. بۇ چاغدا بالىڭىز يېنىدىكى كىتابنى ئېسىگە ئالىدۇ - دە، قولىغا ئېلىپ ئوقۇيدۇ ۋە كىتاب ئوقۇشقا ئامراق دوستلىرى بىلەن قولدىن - قولغا يۆرۈشتۈرۈپ، بىر - بىرىدىن ئىلھام ئالىدۇ.

**40. يېڭى ئۆي ئىزدىگەندە، ئۇنىڭ ئىلەڭگۈچ، ھەرىكەتچان ئورۇندۇق، بالكون ياكى سايىۋەنلىك ئالدى ھويلىسىنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ.**

چۈنكى، بالا بۇنداق مۇھىتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئۆزى تەۋرىتىپ كىتاب ئوقۇغانلىقىنى دوستلىرىنىڭ كۆرۈشىنى ياقتۇرىدۇ. مەن بىلىدىغان مۇشۇنداق شارائىتلىرى تولۇق بىر تۈركۈم بالىلار كېيىنچە ھەقىقەتەن قىزغىن كىتاب ھەۋەسكارلىرى بولۇپ چوڭ بولدى.

**41. ئەگەر ئۆيىڭىزنىڭ ئالدى ھويلىسى بولمىسا، ئۆي ئىچىدىن مەخسۇس كىتاب ئوقۇشقا ماس كېلىدىغان ۋە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئورۇن ھازىرلاڭ.**

بەزىدە دەرەخلەر ئارىسىدا ياكى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا كىتاب ئوقۇشقا مۇۋاپىق مەخسۇس بىر ئورۇن ھازىرلاپ قويۇڭ. بالا ئادەتتە تار دائىرىدىكى مەخسۇس كىچىك ئورۇنلاردا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىز پەقەت بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئورۇنلارنى كىتاب - ژۇرناللار بىلەن تولدۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

**42. ئۆيىڭىز ئىمكانقەدەر كۈتۈپخانىغا يېقىن بولسۇن.**

ئولتۇراق ئۆيىنىڭ كۈتۈپخانىغا يېقىن بولۇشى بالىڭىزدا ياخشى كىتابلارغا ئېرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

**43. مەلۇم بىر كۈننى بالىڭىزغا كىتاب سېتىۋېلىش پائالىيەت ۋاقتى قىلىپ تاللاڭ.**

مەسىلەن، بالىڭىز بىلەن يازلىق تەتىلنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولسىڭىز، بىر كۈن بۇرۇن كىتابخانىلارنى زىيارەت قىلىڭ. ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، بالىڭىزنى بىللە يېتىلەپ، ئايرودۇرۇم كۈتۈپخانىلىرىدىكى كىتاب تەكچىلىرىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئاپىرىڭ. بۇنىڭدىكى مەقسەت بالىڭىزنىڭ ھاياتىغا كىتاب ئوقۇش ۋە سېتىۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئارقىلىق بالىڭىز ھېيت - بايراملار، تەتىل قاتارلىق مەزگىللەردىمۇ كىتاب ئوقۇش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولىدۇ.

**44. بالىڭىز ھەۋەس قىلىدىغان پائالىيەت ۋە نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس ئورۇنلارغا بارغاندا، بالىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىپ، شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كىتاب - ژۇرناللارنى ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.**

كومپيۇتېر، بەدەن چېنىقتۇرۇش سايمانلىرى، پۇتبول قاتارلىق بالىلار ھەۋەس قىلىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرنى ساتىدىغان ئورۇنلاردا شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ژۇرناللار بولىدۇ. بۇ يەردە سىز بالىڭىزغا ئويۇن، كىيىم – كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ژۇرناللارنى ئىزدەشكە ئادەتلەندۈرۈڭ، چۈنكى بالىلار بۇنداق جايلارغا بېرىشقا ئامراق

كېلىدۇ. سىز بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بالىڭىزنى شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب – ژۇرناللارغا قىزىقتۇرۇڭ ۋە ئۇلارنى سېتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.

**45. بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىڭ ۋە ئۇنىڭغا ياخشى كىتابلارنى تاللاپ بېرىڭ.**

ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئادەتتە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، ئوۋ ئوۋلاش، سەپەر ۋە ساياھەت قاتارلىق ئىشلارغا شۇنچە قىزىقىدۇ - يۇ، كىتاب ئوقۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادا بولغۇچى بالىسى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالا كىتاب ئوقۇشنىڭمۇ باشقا پائالىيەتلەرگە ئوخشاش مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. ئەتراپىمىزدا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىشىگە چوڭ ياردىمى بولغان.

**46. ئائىشخانا ئۈيدىمۇ بەزى كىتاب - ژۇرناللارنى ساقلاپ** قويۇڭ.

تاماق يېيىش جەريانىدىمۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ھەر ۋاقىت كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى بالىلارغا تاماق يېيىش بىلەن كىتاب ئوقۇش ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئالاقە بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە بالىڭىز پۇرسەت تاپسىلا ئۇلارنى ئوقۇيدىغان بولىدۇ.

**47. بەزىدە تېلېۋىزور كۆرگەندە جىم ئولتۇرغان بالا كىتاب ئوقۇغاندا دىققىتىنى يىغالمايدۇ.**

كۆپىنچە ۋاقىتتا بالىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى قالايمىقان ۋە رەتسىز بولىدۇ. مەسىلەن، بالىڭىزنىڭ قولىغا كىتاب تۇتقۇزۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭ، ئۇنى ھەمىشە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بالا كىتاب - ژۇرناللىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە چاچىدۇ. بەزىدە ئاشخانا، ياتاق ئۆي، ماشىنا، كارىۋات، ھويلا - ئارام ۋە ئۆزى خالىغان يەرلەرگە كىتاب - ژۇرناللارنى چېچىپ قويۇپ، ئاندىن ئوقۇيدۇ ياكى كارى بولمايدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن چېچىۋاتقان نەرسىلەرنى قايتىدىن ئۆز جايىغا رەتلىك قويۇشنى تەلەپ قىلسىڭىز، بۇنى ئېغىر ھېس قىلىدۇ. بالا بەزىدە بىرئاز كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابنى تاشلاپ قويۇپ تېلېۋىزور كۆرىدۇ. بۇ چاغدا سىز بەلكىم چېچىلغان نەرسىلەرنى رەتلەش ياكى بالىڭىزغا گەپ - سۆز ئۆگىتىش جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ، بىرئاز ئارام ئېلىۋالىسىز. ئەمما، كىتاب - ژۇرناللارنى رەتلىك تىزىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەربىر ئىشلىرىدا تەرتىپلىك بولۇشنى بىردىنلا قەتئىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىش بالىڭىزدا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنى بارا - بارا كىتاب ئوقۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇنداق تەرتىپسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىقلارغا سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

HAKSEVER



**48. ماشىنىڭىزدا بىر قىسىم كىتاب - ژۇرناللارنى ساقلاپ قويۇڭ.**

بەزى كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى ماشىنىدا ئۆتكۈزىدۇ. ماشىنىدا كىتاب - ژۇرنال ساقلاپ قويغاندا كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر ماشىنىدا بالىڭىز بولسا، ئۇ كىتاب ئوقۇشقا چۈكۈپلا كېتىدۇ - دە، قالايمىقان ۋارقىراش، جېدەللىشىش، غوۋغا چىقىرىشتىن توختاپ قالىدۇ. بۇمۇ ماشىنىغا كىتاب ئېلىۋېلىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى.

**49. ساياھەتكە چىققاندا ياكى ئاشخانىلارغا بارغاندا ئۆزىڭىزگە كىتاب - ژۇرناللارنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ.**

بالىڭىز ئاشخانىلاردا تاماق كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا، بەزىدە زېرىكىپ سۇ چېچىش، تۇز چېچىش، ئورۇندۇقلارنى تاراقشىتىپ ئويناش دېگەندەك بىر ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. بۇ چاغلاردا كىتاب - ژۇرناللار بالىڭىزنى مەشغۇل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**50. پويىز بىلەن ئۆزۈن سەپەر قىلغاندا ئىمكانقەدەر بالىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىۋېلىڭ ۋە كىتاب - ژۇرنال ئېلىۋېلىڭ.**

بەزى بالىلار ماشىنىدا كىتاب ئوقۇپ ماڭغاندا بېشى قېيىپ قۇسىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بىراق پويىزدا ماڭسا ئۇنداق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پويىزدا سەپەر قىلغاندا بالىڭىزنىڭ قولىغا ياخشى بىر كىتاب تۇتقۇزۇپ قويۇڭ.

**51. بالىڭىزنىڭ دوستلىرىغا كىتابخانىلاردا سېتىلىدىغان ھەدىيە كارتوچكىلىرىنى سوۋغا قىلىڭ.**

كىتاب سېتىش ئورۇنلىرى خېرىدارلارغا بەزى ھەدىيە كارتوچكىلىرىنى سوۋغا قىلىدۇ، ئەگەر سىز بۇنداق كارتوچكىلارنى بالىڭىزنىڭ دوستلىرىغا ھەدىيە قىلسىڭىز، بالىڭىز ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىققان بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ كىتابخانىلارنى زىيارەت قىلىدىغان ۋە بالىلىرىغا كىتاب سېتىۋالىدىغان بولىدۇ.

**52. بالىڭىزنى دوستلىرىغا كىتاب ئارىيەت بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

بەزىدە بالىڭىز دوستلىرىغا كىتاب ئارىيەت بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇۋالمايدۇ. قارىماققا، بۇ بىر زىياندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ھېچقىسى يوق، ئەسلىتىپ قويسىڭىز بولىدۇ. بالىڭىز ئۈچۈن تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئامراق دوستلىرى بولغانغا قارىغاندا، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق دوستلىرىنىڭ بولغىنى ئەڭ ياخشى.

**53. بالىڭىز كۈتۈپخانىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلارنى بەزىدە سىز قايتۇرۇپ بېرىڭ.**

ئەگەر بالىڭىز كۈتۈپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، ئۇنى ئەيىبلەپ، تاپا - تەنە قىلماستىن، بەلكى ئۇنى سىز قايتۇرۇپ بېرىڭ. بۇ سەۋەبلىك بالىڭىز «كىتابنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىدىم» دەپ خىجىل بولۇپ، كۈتۈپخانىغا بېرىشتىن توختاپ قالمىسۇن. ئەمما، سىز مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ، بالىڭىزغا كىتابنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆگىتىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈپ قويسىڭىز بولىدۇ.

**54. ئەگەر بالىڭىز سىز بەرگەن كىتابنى ئوقۇمىغان بولسا، بەك ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭ.**

ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ ئوقۇشىنى خالاپ ئالايىتەن ئەكەلدۈرگەن مەلۇم بىر كىتابنى ئوقۇمىغان بولسا، جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، ئۇنى كېيىنچە بەرىبىر ئوقۇيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا باللار بەزى كىتابلارنى بىر قانچە ئاي، ھەتتا بىر قانچە يىل تاشلاپ قويۇپ، كېيىن ئوقۇشقا باشلايدۇ، بەزىدە كىتابنىڭ ئازراق بىر قىسمىنىلا ئوقۇپ قويۇپ، «ئاخىرىنى كېيىن ئوقۇيمەنغۇ» دەپ تاشلاپ قويىدۇ. توغرا! ئۇنى بەزىدە ئوقۇيدۇ، بەلكىم بۇنى ئائىلىدىن ھېچكىم بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. كىتابنى ئوقۇمىدى تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇ سىزنىڭ كىتابنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى، كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس.

**55. بالىڭىزنىڭ ئويغىنىش ۋە ئۇخلاش ۋاقتىنى بەلگىلەپ قويماڭ، خالىغان مىقداردا كىتاب ئوقۇغىلى قويۇڭ.**

بالىڭىزنى ئۇخلاش ۋاقتىغىچە كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنىڭ بىرى. بۇ ئادەت ئىزچىل داۋاملاشسا، بالىڭىزنىڭ قىزىقىدىغان ئىشلىرى ۋە تاپشۇرۇقلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ كۆپىنچە ھەر كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاز بولسىمۇ كىتاب ئوقۇيدىغان بولىدۇ.

**56. ئائىلىدە ئىمكانقەدەر تېلېۋىزور ئاز بولسۇن، بىر تال بولسا يېتىپ ئاشىدۇ، بولمىسا تېخىمۇ ياخشى.**

ئائىلىدە تېلېۋىزورنىڭ كۆپ بولۇشى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىنىڭ ۋاقتىنى تېلېۋىزور پىروگراممىلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشىگە، باشقا كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىگە قىزىقماسلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، بىر تاللا تېلېۋىزور بولغاندا، ئائىلىدىن بىرەيلەن بالىلار قىزىقمايدىغان پىروگراممىنى كۆرگەن بولسا، بالا تەبىئىي ھالدا كىتاب ئوقۇشقا يۈزلىنىشى مۇمكىن.



## 57. ئائىلىدە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ ئىشلەتمەسلىك ۋە تور پائالىيەتلىرىگە قاتناشماسلىققا تىرىشىڭ.

ئائىلىدە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچ ئىشلىتىش باللارنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا بېرىدىغان تۈرلۈك باللار پىروگراممىلىرىنى تەقدىم قىلىدىغان ھەرخىل قاناللارنى كۆرۈش بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. گەرچە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچنى ياخشى قاناللارغا توغرىلاپ قويۇش ئارقىلىق بالا خالىغان ۋاقىتتا ياخشى پىروگراممىلارنى تاپالىسىمۇ، ئەمما بۇ ئەھۋال يەنە نۇرغۇنلىغان پۇلىڭىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چىقىم قىلىشىڭىزنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللارنى كىتاب سېتىۋېلىشقا خەجلىسىڭىز تېخىمۇ مەنپەئەتلىك. ياكى بولمىسا، سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللىغۇچنى سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا پايدىلىق فىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىدىيو لېنتىلىرىنى سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## 58. بالىڭىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە تېلېۋىزور قويماڭ.

بالىڭىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە تېلېۋىزور قويۇپ قويۇش ئەڭ قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنداق ئىشنى ھەرگىز ھەم قەتئىي قىلىپ سالماڭ! بولمىسا، بالا كىتاب ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىڭىز چوڭ بولۇپ ھاياتلىق ئىشلىرى ئالدىغا سېلىنۋالغان، مەشغۇلىيەتلىرى ئاۋۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇخلاش ئالدىدىكى ۋاقىت ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ. بالىڭىزنىڭ ياتاق ئۆيىدە تېلېۋىزور بولۇشى ئۇنىڭدا بېكىنمىچىلىك خاراكتېرىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ - دە، ۋاقتىنى كۆپىنچە ياتاق ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىغان، ھەدېسىلا ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىز ئۇنىڭ نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى نازارەت

قىلالمايسىز. ئەمما، كىتاب ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. كىتاب ئوقۇغان بالا ھەرىكەتچان ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيەلىك بولىدۇ. بەزىدە ياتاق ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، يەنە بەزىدە ئاشخانا، ھويلا، كۇتۇپخانا ياكى كارىدور قاتارلىق يەرلەردە كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرۇشى مۇمكىن.

## 59. تېلېۋىزور قويغان ئۆينى بەك چىرايلىق، جەلپكار ۋە راھەت قىلىۋالماڭ.

راھەت ئورۇندۇق، ئېسىل گىلەم، چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزورلار بىلەن كىتاب ئۆزئارا بەيگىگە چۈشۈپ بولالمايدۇ. ئەگەر سىز بالىڭىزنى كىتابخۇمار قىلماقچى بولسىڭىز، ئائىلىڭىزدە كىتاب ئوقۇش ئۆيى تەييارلاپ، ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلايدىغان مۇھىت ۋە چىرايلىق نەرسىلەرنى ئۇ ئۆيگە جايلاشتۇرۇڭ.

## 60. ئەگەر بالىڭىز تېلېۋىزور كۆرۈشكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئۇچۇن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىڭ ياكى تېلېۋىزور كۆرۈشتىن تامامەن چەكلەڭ.

بەزىلەر: «مېنىڭ بالام باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ» دەپ ئويلاپ تېخىمۇ خاتالىشىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئۆز نۆۋىتىدە ساغلام بىر كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلىدۇر. كۆڭۈل ئېچىش ۋە مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇمايدىغان بالىمۇ بەزىدە ياخشى ئوقۇرمەن بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇش كىشىگە ئىنتايىن شادلىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، كۆڭۈلگە راھەت ئاتا قىلىدىغان بىر ئىشتۇر. بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشتىن ۋاز كەچمەڭ، چۈنكى ھازىرقى دەۋردىكى كۆپىنچە خىزمەت ۋە ئىشلار ئوقۇش - يېزىشقا تايىنىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم - مەلۇمات ۋە پەن - تېخنىكا دەۋرىدۇر.

## 61. بالامغا چوقۇم كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلىۋالماڭ.

تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر تەلىم - تەربىيەدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ھەل قىلىدۇ، دەپ قارىۋالغان كىشى خاتالاشقان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىتابلار بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ بىردىنبىر ھەل قىلىش چارىسىدۇر. توغرا، بۈگۈنكى خىزمەت مەيدانى كومپيۇتېرنى تېز سۈرئەتتە ۋە قولايچە ئىشلىتەلەيدىغان؛ مۇرەككەپ يېزىقلارنى تېز ئوقۇپ، ئىز قوغلاپ ئەگىشەلەيدىغان؛ كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسىنى تېز سۈرئەتتە قوللىنىپ خەت يازالايدىغان ۋە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرىدا خەت ئەۋەتەلەيدىغان كىشىلەرگە موھتاج. ئەمما، خەت ئوقۇش سەۋىيەسى تۆۋەن كىشى مەلۇماتلارنى تېز ۋە يېتەرلىك سەۋىيەدە بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن پايدىلىق تەلىماتلارنى ئوقۇش قىيىن تۇيۇلۇپ، يازمىلارنى يېزىش تەس كېلىپ، كۆپىنچە ۋاقتىلىرىنى كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناشقا ئوخشاش بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.



**62. كومپيۇتېرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى دىققەت - ئېتىبارىڭىزدىن ساقىت قىلمىغان ھالدا پايدىلانسىڭىز، ئۇ ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئاڭ - ساپانى كۈچلەندۈرۈشتە بالىڭىزغا كۆپ ياردەمچى بولىدۇ.**

كومپيۇتېردا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىدىغان نۇرغۇن ئويۇنلار بار، بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئاۋازلىق كىتابلارمۇ بار، يېشى بىرئاز چوڭ بالىلار ئۈچۈن ئىنتېرنېت يۈزىدە نۇرغۇنلىغان تەلىم - تەربىيە پىروگراممىلىرى بار. ئۇلار ئوقۇش - يېزىشنى ياخشى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن كومپيۇتېر ئىشلەتسە كېرەك يوق، ئەمما ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان بالىلارنى ئەڭ ياخشىسى كومپيۇتېردىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم. چۈنكى، كىتاب ئوقۇش يەنىلا بالىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## كىتاب ئوقۇشتا ئاجىز بالىلار

**63. ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشتا بەكرەك ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مەخسۇس سىناق ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ.**

ئادەتتە، بالىلار باشلانغۇچنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى ئىگىلەپ بولىدۇ. ئەگەر بالىڭىز يەتتە - سەككىز ياشقا كىرگەن تولۇق تېخىچە ياخشى كىتاب ئوقۇيالمىسا، سەۋىيەسى بەكلا ئاجىز بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى تەكشۈرىدىغان مەخسۇس دوختۇرلارغا كۆرسىتىڭ. بەزىدە بالىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغان نەرسىنى ياخشى ئەستە ساقلىيالمايدۇ، بەزىدە ھەرخىل ئاۋازلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئايرىيالمايدۇ، يەنە بەزىدە ئاڭلىغان نەرسىنى ئېسىدە ساقلىيالمايدۇ، ياخشى خاتىرىلىيەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى سىناش ئىمتىھانى ئېلىپ بېرىڭ، بۇ سىناقلارنى مەكتەپ ئارقىلىق ياكى باشقا مۇتەخەسسىسلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز بۇ سىناقلار ئارقىلىق بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەن ئاجىزلىقلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يېتەلەيسىز. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بولسا، ئۇنداقتا ئاڭلاشقا ئائىت بۇيۇملار ئارقىلىق بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتسىڭىز بولىدۇ. ئادەتتە كۆرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن بالىلارنىڭ ئاڭلاپ

ئۆگىنىش ئىقتىدارى باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى مەلۇم تەرەپلەردە ئاجىز بولسىمۇ، باشقا تەرەپلەردە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا تەلىم - تەربىيەنى كۈچلۈك بولغان تەرەپلەرگە قارىتىش توغرا بولىدۇ.

## 64. ھاماقەت ياكى بەك شوخ بولغانلىقى تۈپەيلى دىققىتىنى يىغالمايدىغان بالىلارمۇ ناھايىتى ئىلغار ۋە قىزغىن كىتابخۇمارلاردىن بولالىشى تامامەن مۇمكىن.

كۆپىنچە كىشىلەر: «بالىلار بىردەم جىم ئولتۇرالمايدۇ ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە دىققىتىنى يىغالمايدۇ، شۇڭا بۇلار كىتابخۇمار بولالمايدۇ» دېيىشىدۇ. لېكىن، بۇ توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل خاراكتېردىكى بالىلارنى ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە بىلىشنى خالايدىغان تېمىلارغا باشلاپ قويساقلا، بۇ مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپتە ئۇلارغا يۇمۇر كىتابلىرى، قىزىقارلىق ھېكايىلەر، بەت سانى ئاز بولغان ژۇرناللار دېگەندەك ناھايىتى ئاسان بولغان ماتېرىياللار بىلەن باشلىسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن بارا - بارا ئۇزۇن - ئۇزۇن ۋە چوڭ - چوڭ كىتابلارنى بەرسىڭىزمۇ كۆنۈپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار بولسۇن. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى ئوقۇغاندىكى قىزغىنلىقىغا قارىسىڭىز ھەيران قالىسىز. ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابنى ئوقۇشنى باشلىغان بالىلار ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلماستىن، كىتابنى قولىدىن ئەسلا چۈشۈرمەي ئوقۇيدۇ. ئەگەر بالىڭىزنىڭ دىققىتىنى يىغالمايدىغان كېسىلى بولسا، ئۇنداقتا بۇ ساھەدىكى مەخسۇس دوختۇرلارغا تەكشۈرتۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭ يېنىدا بالىڭىزغا پايدىلىق دورىلار تېپىلىدۇ.

**65. مەكتەپتىكى ئوقۇش سەۋىيەسى ياكى يېشىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بالىلارنى سىناش ۋە تەكشۈرتۈش كېرەك.**

باللار ئادەتتە ئۆز ئىقتىدارىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا بىر يول ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بولسا، ئۇلار دەرسلەرنى ناھايىتى ياخشى تىڭشايدۇ، ئەمما مۇلاھىزىلەرنى ئاز يازىدۇ. بەزىلەر بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئۆزلىرى تولۇقلاشقا ئامالسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇشتا بەكمۇ كېچىكىپ، تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋال مەزكۇر بالىلارنىڭ باشقا دەرسلەردىمۇ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، سىز ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ۋە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈش ۋە سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

**66. ئەگەر بالىڭىزدا ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان دەرىجىدە مېيىپلىك بولسا، ئۇنى دەرھال مەخسۇس مېيىپلەرنى تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇڭ.**

بەزى دۆلەتلەر مېيىپ بالىلارغا نىسبەتەن مەخسۇس مائارىپ يولغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مېيىپلەرگە خاس بولغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بار. مېيىپلەر مائارىپ ئىدارىسى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى ۋەلىيسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مېيىپلەر مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پىروگراممىسى بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بالىڭىزنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىدا مەسىلە بولسا ھەمدە ۋاقتىدا تەكشۈرتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا داۋالىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر بولسا، ئۇنى مېيىپلەر مائارىپى بويىچە تەربىيەلىشىڭىز كېرەك.



**67. كىتاب ئوقۇشتا قىينىلىدىغان بالا ئادەتتە كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە كىتاب سۆيگۈسىنى يېتىلدۈرۈشتە، باشقىلارغا قارىغاندا ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردىمىگە بەكرەك موھتاج بولىدۇ.**

كىتاب ئوقۇشتا قىينىلىدىغان بالا ئادەتتە دەرسلەردە سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەينىدە قالىدۇ - دە، شۇ سەۋەبلىك بالىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىغا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. لېكىن، كۆپىنچە بالىلار بۇنداق يېتەكچىلىككە قارىتا مەجبۇرلۇق تۇيغۇسى ھېس قىلىپ قالىدۇ ۋە سىنىپتىن چىقىرىلىپ ئايرىم دەرس ئۆگىتىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، بۇنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل جازا دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بۇ خىل ئۇسۇلغا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇشىڭىز لازىم. بالىڭىزنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. پۇت - قولى ئېغىر، ھەرىكىتى ماسلاشمايدىغان بىر بالا ھەتتا تىكتاك توپ ئويناشتىمۇ خېلى قىينىلىدۇ. لېكىن،

HAKSEVER

ئىزچىل مەشىق قىلىپ بەرسە، ئويناشقا ئۇستا بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، كىتاب ئوقۇشتا قىينىلىدىغان بالىمۇ كۆپ مەشىق قىلىپ بەرسە، ئوقۇشى راۋانلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بالىڭىزنىڭ ئالدىدىكى كىتاب ئوقۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشىڭىز ھەمدە ئۇنىڭ كۆپ مەشىق قىلىپ كىتابخۇمار بىر ئوقۇرمەنگە ئايلىنىشى ئۈچۈن كۆپ ماسلىشىشىڭىز لازىم.

**68. ئەگەر بالىڭىزنىڭ ئاڭلاش ئىقتىداريدا مەسىلە بولسا، ئۇنداقتا سۈرەت ۋە رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوقۇشلۇقلارنى تولۇقلاپ بېرىشىڭىز كېرەك.**

يۇمۇرىستىك ۋە سۈرەتلىك كىتاب - ماتېرىياللار ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىز بالىلارنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشىدۇر. ئۇلار سۈرەتلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق كىتاب مەزمۇنىنى سېزىپ چىقالايدۇ. قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ - دە، ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

**69. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بالىلار ئاڭلاشقا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگەنسە بولىدۇ.**

كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بالىلار سۆزلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىنى كۆرەلمىگەچكە، كىتاب ئارقىلىق ئوقۇشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەلىم - تەربىيەسىدە ئاڭلاشقا مۇناسىۋەتلىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش لازىم. شۇنداقتىمۇ، بۇ بالىلارغا ساغلام شەكىلدىكى مائارىپ ئېلىپ بېرىلسا، ئۇلار ئۆزۈن قالمايلا كىتاب ئوقۇشنى سۆيىدىغان ياخشى بىر ئوقۇرمەن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈش ئىقتىدارىغا تايانمايمۇ كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشتىن ۋاز كەچمىسىڭىزلا، ئۇلار ھامان ئىلغار كىتاب ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

### 70. كىتاب ئوقۇشنىڭ ئاستا بولۇشى بىلەن زېرەكلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت يوق ئىكەنلىكىگە بالىڭىزنى ئىشەندۈرۈڭ.

كىتاب ئوقۇشتا قىيىنلىدىغان بالا خاتىرجەملىك بېغىشلاشقا، ئىلھاملاندۇرۇشقا ۋە ھەردائىم تىنچلىقىقا موھتاج بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق بالا بەزىدە بىرلا ئوقۇتقۇچى نازارەت قىلىدىغان، تۆۋەن سەۋىيەلىك مائارىپ سىستېمىسىدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزى ئوقۇيالمايدىغان كىتابلارنى باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئوقۇغىنىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇشقا باشلايدۇ - دە، نەتىجىدە چۈشكۈنلۈك قاپلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار دائىم ئىلھاملاندۇرۇلۇشقا موھتاج. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، سىز بالىڭىز بىلەن باشقا بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى پائالىيەت پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بالىڭىزغا ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئىقتىدارلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ دۆت بولماستىن، بەلكى مەلۇم ئىشلارنى باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ناھايىتى ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. توغرا، بەزى بالىلار سىزنىڭ بالىڭىزدا يوق بولغان كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ سىزنىڭ بالىڭىزدىن بەكرەك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ خەتنى سىزنىڭ بالىڭىزدىن تېزرەك ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنىڭ بالىڭىزمۇ، ئەگەر ياخشى مەشىق قىلىپ بەرسىلا، ئىلغار كىتابسۆيەرلەردىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.



## 71. بالىڭىزنىڭ مەكتەپ - مەدرىسىدىكى كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

ئەگەر بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇشى ياخشى، سۈرئىتى تېز بولسا، سەۋىيەسى تۆۋەن ياكى ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىنىشكە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر - ئىككى يىلغىچە بەك چوڭ تەسىرى بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، كىتاب ئوقۇشتا بەكرەك ئاجىز بولۇپ قالسا، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ دەرسلەردە داۋاملىق ئارقىدا قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئەھۋاللاردا سىز دەرھال تەدبىر قوللىنىشىڭىز لازىم. ئوقۇتقۇچىسىغا بالىڭىزنىڭ دۆت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قولاي كىتابلارنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ ھەمدە بىر قىسىم كىتابلار ھەققىدە تەكلىپ بېرىڭ، شۇنداقلا بالىڭىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئىشتا ياردەملىشىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇڭ.

**72. كىتاب ئوقۇشتا قىينىلىدىغان بالىڭىز ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىتلىق پىلان تۈزۈپ قويۇڭ.**

ئوقۇش مەزگىللىرىدە بالىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا سىزنىڭ تەييار ئىكەنلىكىڭىزدە شەك يوق. ئەگەر بالىڭىز دەرسلىك كىتابلارنى ياخشى ئوقۇيالمىسا، بەلكىم ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا كىتابنىڭ ئاۋازلىق سىن لېنتىسىنى بەرسە، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىل ئۇسۇل سىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىڭىزغا قارشى كېلىدۇ. يەنى بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە شۇغۇللىنىدىغان بىرەر كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەتلىك، قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بالىڭىز چوقۇم كىتابنى ئۆزى ئوقۇشى، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئوقۇپ بەرگىنىگە قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ ئولتۇرمايدىغان بولۇشى لازىم.

**73. خۇسۇسىي دەرس تاللىغاندا بالىڭىزغا ئۆز قارارىنى ئۆزى بەلگىلەش پۇرسىتى بېرىڭ.**

خۇسۇسىي دەرس تاللىغاندا بالىڭىز ئۆز قارارىنى ئۆزى بەرسە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى خالىسا (بولۇپمۇ يېشى چوڭىيىپ قالغاندا)، ئەڭ ياخشىسى سىز ئۇنىڭ قارارىغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ قوشۇلۇڭ، چۈنكى بەزى چاغلاردا بالا بۇ خىل ئوقۇتۇشتىن ئىچى سىقىلىپ قالىدۇ. ناۋادا سىز قوشۇلماي چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز، بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بەزىدە بالا ئۆزىگە ئۆزى تايىنىپ، مۇستەقىل قارار بېرىشى كېرەك.

## قانداق بالىغا قانداق كىتاب؟

**74. كىتاب تاللاشتا بالىڭىزنىڭ قىزىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ.**

بەزى بالىلار، بولۇپمۇ ئوغۇللار ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئادالەت بىلەن زۇلۇمنىڭ بىر - بىرىگە قارشىلاشقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بەزى بالىلار، بولۇپمۇ قىزلار كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوغۇل بالىلار ئاساسەن ياخشى كىشىلەر ۋە يامان كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆرەشلەر تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرسە، قىزلار دوستلۇق ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئائىلە ئۇچۇشسىزلىقلىرى ۋە چارىلىرى ھەققىدىكى ھېكايە كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**75. بالىڭىزنىڭ رېئال دۇنيادىكى ھېكايىلەرگە قىزىقىدىغانلىقى ياكى خىيالي، ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئېتىبار بېرىڭ.**

بەزى بالىلار فانتازىيەلىك ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرسە، يەنە بەزىلەر ئىلمىي ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتچىل بالىلار ئاساسلىقى سىرلىق ھېكايىلەر، تېپىشماق تۈسىنى ئالغان

ھېكايىلەر، پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىش مەزمۇنىدىكى ھېكايىلەر، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىلەردىن بەھرى ئالالايدۇ. ئەمما، خىيالپەرەس بالىلار خىيالىي ھېكايىلەرنى، ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايىلەرنى، شۇنداقلا سېھىرگە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىۋى كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**76. ئەگەر قىزىڭىز قونچاق ئويناشنى ۋە رول ئېلىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك تەسەۋۋۇرغا باي بولغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىڭ.**

بۇنداق قىزلار جان كىرگەن قونچاق ياكى قورقۇنچلۇق بولمىغان خاراكتېرلەر ھەققىدە سۆزلەنگەن كىتابلارغا مايىل بولىدۇ ھەمدە كۆپىنچە بەخت ۋە خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلاشقان ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى قىزلار ئۆتمۈشتىكى قىيىن كۈنلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان كىتابلارنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئەسلەشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار يەنە بەزى قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈلاتلاردىن قىسقا ۋە تېز سۈرئەتتە ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماستىن قېچىپ كېتىشنى تەسۋىرلەيدىغان كىتابلارنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

**77. ئەگەر قىزىڭىز ئەمەلىيەتچان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە كىشىلىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشچان خاراكتېردە بولسا، ئۇنىڭغا بۈگۈنكى جەمئىيەتنى تەسۋىرلەيدىغان، رېئاللىققا بەكرەك ئۇيغۇن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرىدىغان كىتابلارنى سېتىۋېلىڭ.**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىزلار كىشىلىك ھايات ۋە ياكى ئەتراپتىكى شەيئىلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتنى كۆپەيتىشكە ياردەم بېرىدىغان كىتابلارنى؛ شۇنداقلا دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى

مۇئامىلە - مۇناسىۋەت قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلارغا يولۇققان بالىلار توغرىسىدىكى ھېكايە كىتابلارمۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدۇ. ئۇلار بۇنداق كىتابلارنى مەلۇماتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئوقۇپ قويىدۇ.

**78. ئەگەر بالىڭىز تەسەۋۋۇرغا باي بولسا ۋە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ياخشى كۆرسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا فانتازىيەلىك ۋە ئىلمىي فانتازىيەلىك كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىڭ.**

بەزى بالىلار تەسەۋۋۇرغا باي بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بولىدۇ. كىچىك بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا خىيالىي ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقىتلاردا شېرىن خىياللارنى قىلىدۇ. ئۇلار قارىماققا ئەقىللىقتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا دەرستىكى نەتىجىلىرى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تولىمۇ يېرىم قىلىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار خىيالىي ياكى ئىلمىي فانتازىيەلىك كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە بۇنىڭغا يول قويۇڭ. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل كىتابلارغا بولغان قىزغىنلىقى بارا - بارا باشقا كىتابلارنىمۇ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇشقا سەۋەب بولىدۇ - دە، ئۇلار يەنىلا ئىلغار ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار تەسەۋۋۇرغا باي بولغانلىقى ئۈچۈن، كىتابنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇسىلا، ئۇلارنىڭ مەزكۇر قابىلىيىتى بىلەن كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتى بىرلىشىپ، ئۇلارنى دەرستە ياخشى ئىلگىرىلەش ۋە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ جاپا تارتمايلا يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**79. ئەگەر بالىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئاجىز، ئەمما ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتكە يېقىن، تەسەۋۋۇردىن يىراق بولغان كۈرەش ھېكايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىڭ.**

بۇ خىل تۈردىكى ئوقۇرمەنلەر ئادەتتە ئەمەلىيەتچان ۋە رېئاللىقتا بەكمۇ ماسلىشىشچان كېلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە بىلىق تۇتۇشنى، ساياھەت قىلىشنى ياكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. دەرسلەردە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، لېكىن كىتاب ئوقۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ. ئۇلار ئۇرۇش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار كىتابلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، بۇنداق كىتابلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يېتەرلىك دەرىجىدە تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بۇ خىل تىپتىكى بالىلار ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى ئىزدەش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ تېپىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر باشلانغۇچ مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ سەۋىيەسى كىتاب ئوقۇش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە چىققاندا، مەزكۇر ساھەدىكى ئوقۇش ماتېرىياللىرى ناھايىتى كەڭرى بولىدۇ.

**80. بالىڭىزنىڭ قىزىقىشىغا ماس كېلىدىغان كىتاب ــ ياخشى كىتابتۇر.**

ئەگەر بالىڭىز ھايۋاناتلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سىز يەنىلا خۇشال بولىسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى ھايۋاناتلار ھەققىدە يۈزلەرچە، ھەتتا ساناقسىز كىتابلار بار بولۇپ، بۇنى يازغۇچىلار بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىش، دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايە كىتابلار ھەمدە

ئوۋچىلىق، ساياھەت قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسلىق تېما قىلىنغان يەنە نۇرغۇن كىتابلار بار. ئەگەر سىز بۇ تېمىلار ھەققىدىكى كىتابلارنى تاپالمىسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا مەخسۇس ژۇرناللاردىن ئىزدەپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.




**81. باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇمۇرىستىك كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ.**

كىتاب ئوقۇشنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپىتىدىغان باللارمۇ يۇمۇرىستىك كىتابلارغا ئامراق بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز گېزىت - ژۇرنال ياكى بەزى كىتابلاردىن كومېدىيەلىك ۋە يۇمۇرىستىك پارچىلارنى توپلاش ئارقىلىق باللارنى كىتاب ئوقۇشقا جەلپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

**82. بالىڭىزنىڭ ئۆزى تونۇيدىغان بەزى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشى بەكمۇ مۇھىم.**

ئەگەر بالىڭىز ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ھەققىدىكى بىلىملەرگە قىزىقسا ياكى ئۆز تۇرمۇشىدا ئۇچراۋاتقان

ھەرخىل مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەكچى بولسا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مىللىتىدىن بولغان تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان كىتابلارنى تېپىپ بېرىشكە تىرىشىڭ.

بالا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆزى ئوقۇۋاتقان كىتابتىن تەسىرلىنىپ، گوياكى ئۆزىنى كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشى لازىم. بالىلار پىسخىكىسىنى ياخشى چۈشىنىدىغان يازغۇچى ئادەتتە ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغىتىدىغان دەرىجىدە ماھىرلىق بىلەن كىتاب يازىدۇ. بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇغان بالىلار ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كېتىدۇ - دە، كىتابتىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**83. بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىدا ئۆزگىرىش بولسا ھەيران قالماڭ، چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراكلىرى ۋە قىزىقىشلىرى كېڭىيىپ بارىدۇ.**

ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بالىلارنىڭ ھەۋىسىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا بەزىدە بالىڭىز ئۈچۈن مەلۇم بىر كىتابنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلسىڭىز، سىز تاللىغان كىتابنى ياقتۇرماستىن، بەلكى ھېسسىيات تۈرىدىكى كىتابلارغا قىزىقىشى ۋە بۇنداق كىتابلار بالىڭىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار چوڭ بولغانسېرى كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى كىتابلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق مەزگىللەردە گەرچە سىزگە بىرئاز ئاۋارىچىلىق بولسىمۇ، لېكىن بالىڭىز ئوقۇۋاتقان كىتابلارنىڭ تۈرىگە ۋە مەزمۇنىغا چوقۇم دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

**84. بالىڭىزنى ھەرخىل تىپتىكى كىتاب ئوقۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان مەكتەپكە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.**

بالا دۆچ كېلىدىغان ئەڭ ناچار ئىشلاردىن بىرى ئۇ ياقتۇرمايدىغان ياكى قىزىقمايدىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا مەجبۇرلاشتۇر. بالا ئەڭ دەسلەپتە كىتابقا نىسبەتەن دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە تولۇپ تاشقان سۆيگۈ بىلەن مەكتەپكە كىرىدۇ، ئەمما ئۇ قىزىقمايدىغان كىتابنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولغاندا ياكى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنىڭ مەكتەپتە يوق ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندا، ئۇنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۆۋەنلەيدۇ.

باللار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بولغان باسقۇچتا كەڭ دائىرىدە ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك. بىراق كۆپىنچە مەكتەپلەردە بۇ خىل شارائىت كەمچىل، شۇنداقلا ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇنى ھەل قىلالىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. لېكىن، شۇنى بىلىۋېلىڭكى، كىتاب ئوقۇشقا ماھىر ۋە ئامراق باللار كۆپىنچە ئەھۋالدا مەكتەپنىڭ بۇنداق شارائىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزى ئىزدىنىپ كىتاب ئوقۇيالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنالايدۇ. كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ئاجىز ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇلار بۇنداق مەكتەپ شارائىتىدا ئوقۇشتىن تېخىمۇ بەك يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە، بالىڭىزنى يېتەرلىك ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى ۋە تەلىم - تەربىيە ئۇسۇللىرى ئىلغار مەكتەپلەرگە بېرىشكە تىرىشىڭ.

**85. بالىلارنى سىنىپ ئىچىدە كىتاب ئوقۇشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىدىغان مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا تىرىشىڭ.**

ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا: «ئەمدى ھەممىڭلار جىمجىت ئولتۇرۇپ، كىتابىڭلارنى ئاۋاز چىقارماي ئوقۇڭلار» دېسە بولىدۇ، بالىلار شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ خىل كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن تولىمۇ ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇل بولۇپ، يەنە نۇرغۇن پايدىلىرى بار. بالىلار مەكتەپتە كىتاب ئوقۇغاندا، دوستلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى ياخشى كۆرۈشىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئوقۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىشى، ئاندىن ئۇلاردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىشقا باشلىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبلىك يەنە، ئازراق تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى بىر كىتاب ئوقۇش گورۇپپىسى قۇرۇلۇپ قالىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى ھەرقانداق ياشتىكى بالىلارغا نىسبەتەن ماس كېلىدۇ.

نۇرغۇن مەكتەپلەر سىنىپ ئىچىدە بىرئاز ئەركىن كىتاب ئوقۇش ۋاقتىنى ئاجرىتىپ بېرىدۇ. بۇ بەك مۇھىم ئىش بولۇپ، ئاتا - ئانىلار ئامال بار بۇ خىل ئىشقا سەل قارىغان مەكتەپلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ بولسىمۇ، تەلەپ قىلىشى كېرەك.

**86. بالىلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن گورۇپپىلارغا ئايرىمايدىغان مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا تىرىشىڭ.**

ئادەتتە بالىلارنىڭ تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلىرىدىن بىرى — ئەگەر بىر سىنىپتىكى بالىلار ئوخشاش سەۋىيەدە بولسا، ئوقۇتقۇچى ئۇ بالىلاردىن ئوخشاش كىتابنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، مۇستەقىل كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىدىغان ۋە مۇسابىقىلەشتۈرىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر بالىڭىز تۆۋەن سەۋىيەلىك كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنسە، بەلكىم ئوقۇشتىن پۈتۈنلەي بىزار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ئىقتىدارسىز ياكى ئەخمەق ھېس قىلدۇرىدىغان ئىشنى قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىزنى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرغاندا ئامال بار ئوخشاش بولمىغان سەۋىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر گۇرۇپپىغا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھەمدە ئىمكانقەدەر تېز سۈرئەتتە يېتەكلەيدىغان مەكتەپكە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. بۇنداق مۇھىتتا، ئاستا كىتاب ئوقۇيدىغان بالىلار باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ تولىمۇ راۋان ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىدۇ. ئوقۇشقا ماھىر بالىلار باشقىلارنىڭمۇ ياخشى ئوقۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنداق بالىلار ھەتتا تىلى ئاددىي ۋە كونا كىتابلارنى ئوقۇسىمۇ سەۋىيەسىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

### 87. بالىڭىزغا چوڭ ئامبۇي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى بار بولغان ھەمدە بۇ كۇتۇپخانا كەسپىي نازارەتچىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان مەكتەپنى ئىزدەڭ.

بالىلار مەكتەپتە ھەرخىل كىتابلاردىن پايدىلىنىشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار، كۇتۇپخانا خادىملىرى ۋە دوستلار ئۇنىڭ كىتاب تاللىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ياخشى كۇتۇپخانىلار بالىلارنىڭ كىتابخۇمارغا ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەكتەپتە كىتابلارنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇشنى قەدىرلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ كىتاب ئوقۇشىغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابخۇمار ئوقۇغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 88. بالىڭىزغا ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان مەكتەپلەرنى ئىزدەڭ.

تەنتەربىيە ھەرىكىتى بالىلارغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ياخشى، لېكىن ئۇلارنى كىتاب يۈتىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدىغان يەنە باشقا پائالىيەتلەرمۇ بار. مەكتەپ ژۇرنىلى ياكى گېزىتىنىڭ بولۇشى بالىلارنى كىتاب يېزىشقا ۋە ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، ھەرخىل تىل گۇرۇپپىلىرى ۋە كۇرسلىرى بالىلارنى تىل ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. مۇنازىرە ۋە نۇتۇق سۆزلەش كۇلۇبلىرى بالىلارنىڭ ھەرخىل ۋەقە - ھادىسىلەرنى بىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىر، لايىھەلەش سەنئىتى ۋە باشقا قىزىقارلىق پائالىيەتلەرمۇ بالىلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.



**89. بالىڭىزنى نەمۇنىلىك كىتاب ئوقۇغۇچى بولۇشقا زورلىماڭ.**

بالىنىڭ بارلىق پەنلەردە ئەلا نومۇرغا ئېرىشىشىگە بېسىم قىلىش ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشتىكى خۇشاللىقىنى يوقىتىۋېتىدۇ ھەمدە بۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ۋە دائىم تاپشۇرۇق ئىشلەش كېرەكلىكىنى كاللىسىدىن چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا دەسلەپتە ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى بولغان بۇ بالا بارا - بارا دەرسلەردىمۇ چېكىنىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئارام ئېلىش ۋە ئىجادىي تەپەككۇر ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمايدۇ.

**90. بالىڭىزنى ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان دەرسلىك كىتابنى ئوقۇشقا زورلىماڭ.**

ئەگەر بالىڭىز ئۆچ كۆرىدىغان كىتابنى ئۆزى ئوقۇشنى خالىسا، بۇ تولىمۇ ياخشى ئەھۋال، ئۇنى قوللاڭ ۋە ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئەمما، سىز مەكتەپتە بەلگىلەنگەن ھەممە دەرسلىكلەرگە دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈۋالماڭ، بۇ بەزىدە بالىنىڭ ئوقۇشتىن يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بالىڭىز سىزدىن ھەرقانداق بىر ياردەم سورىسا، ئۇنىڭغا كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىڭ ھەمدە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەل قارىماڭ، ئەمما ئۇنى قىيىن دەرسلىكلەرنى ئوقۇشقا زورلىماڭ.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئويى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل تەكلىپ ئەقىلگە زىت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر بالىسىنى ئۇ يامان كۆرىدىغان ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا مەجبۇرلاشنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. گەرچە مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن بالىڭىز ئۆچ كۆرىدىغان تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەشكە دائىم مۇشۇنداق زورلاۋەرسىڭىز، بۇ

قىلمىشىڭىز ئىنتايىن زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا، مېنىڭچە زىيىنى ئەڭ ئاز بولغان تاللاش بالىڭىزنى ئۈچ كۆرىدىغان نەرسىنى ئوقۇشقا زورلىماسلىقتۇر.

بۇنىڭغا مۇنداق قاراڭ: ھەر ۋاقىت ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە داۋاملىق كىتاب ئوقۇيدىغان بالا گەرچە ئۆزىنىڭ مەكتەپتە بەلگىلەنگەن دەرسلىرىدە تۆۋەن نومۇر ئالسىمۇ، لېكىن كېيىنچە چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئوقۇشنى يامان كۆرىدىغان بالا مەيلى سىز قانچىلىك ھەيدەكچىلىك قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇمايدۇ. بالىلارنىڭ قۇرامىغا يېتىش دەۋرىدە تەربىيەلەشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ـ ئۇنىڭدا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشتۇر. شۇڭا سىز يۇقىرى نومۇر ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشنىلا ئەمەس، بەلكى كىتاب ئوقۇشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇڭ.

**91. مۇرەككەپ ۋە ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان كىتاب ئوقۇش خاتىرىلىرىنى يېزىشقا ياردەم قىلدىم دەپ مەجبۇرلىماڭ.**

بەزىدە مەكتەپنىڭ بالىلارغا كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك. بۇنداق ئەھۋال ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى ئۈچ كۆرۈشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئەگەر بالىڭىز ئۇنى ئورۇندىمىسا ياكى ياخشى ئورۇندىيالمىسا، سىز ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشمەسلىكىپ چىڭ تۇرۇۋالماڭ.

مېنىڭچە، سىز بالىڭىز بۇ ۋەزىپىلەرنى تاماملىشىغا ياردەم قىلماسلىقىڭىز كېرەك، بۇنى ئۇلار ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن. ئەگەر ئۇلار ئىشلىمەسلىكنى تاللىسا ياكى سەل قارىسا، بەلكىم مۇئەللىم بۇ تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكىگە

دىققەت قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار ياخشى ئىشلىگەن بولسا، مۇئەللىم كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئەگەر سىز بالىڭىزغا ياردەملىشىپ، ئۇلار بىزار بولغان تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئىشلەپ بەرسىڭىز، مۇئەللىم بۇ تاپشۇرۇقنىڭ نامۇۋاپىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھەرگىز بايقىيالمايدۇ - دە، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ تاپشۇرۇقلارنى ناھايىتى ياخشى ۋە قىزىقىپ ئىشلەۋاتىدۇ دەپ قاراپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاپشۇرۇقلارنى بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

## 92. بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا رەھمەت ئېيتىڭ.

ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا مەكتەپنىڭ نورمال تۈزۈمىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئايرىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىن قورقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئوقۇتقۇچىڭىز بەزى ئۇسۇللىرى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن مەنپەئەتلىك بولسا، سىز ئۇنى قوللىشىڭىز كېرەك. مەكتەپ مۇدىرى ۋە مەكتەپ ھەيئەتلىرىگە بۇنداق ئوقۇتقۇچى ھەققىدە تەشەككۈرنامە يېزىڭ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈڭ ۋە ھەرقايسى ئاتا - ئانىلارنىڭ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىتاب ئىئانە قىلىش تەكلىپىنى بېرىڭ. باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ خىل ئىلھامنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرسلىرىدە شۇنداق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى مۇمكىن.

## 93. قۇرامىغا يەتكەن بالىڭىزنى چوڭلارغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ.

بالىلىق دەۋرىدە قىزغىن كىتاب ئوقۇيدىغان نۇرغۇن بالىلار، بولۇپمۇ قىزلار چوڭلارغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇمايدۇ. ئۇلار بەلكىم مەكتەپتە بەزىلىرىنى ئوقۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار بۇ خىل ماتېرىياللار ھەققىدە ئۆزى ئىزدەنمەيدۇ، مەكتەپتىكى

ۋەزىپە ۋە پائالىيەتلەر كۆپەيگەنسېرى، تېخىمۇ ۋاقتى يەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار ئاكتىپ ھاياتىنىڭ بۇ باسقۇچىدا كىتاب ئوقۇشنى توختىتىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ نۇقتىغا ھەم ئەھمىيەت بېرىڭ، بالىڭىزنى چوڭلارغا تېگىشلىك كىتاب - ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئەگەر ئۇ جىنايەت ۋە ئۇرۇش تۈردىكى ھېكايە - رومانلارنى ئوقۇشقا باشلىسا ياكى ئۇلارغا باغلىنىپ قالسىمۇ بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

مەن 26 يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش جەريانىدىكى ئوقۇتۇش تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، زوراۋانلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇنداق جىنايەتلەرگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئەمەلىيەتتە تولىمۇ تۆۋەن، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ يېشىدا بۇ خىل ئىشلارنىڭ ناچار ئاقىۋەتلىرىنى بىلىپ يەتكەن. يەنە كېلىپ، زوراۋانلىق ھېكايىلىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژلار كۆپىنچە ئەھۋالدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇنداق جىنايەتلەرنى سىناق قىلىپ بېقىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، كىتابخۇمار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەلگۈسى تولىمۇ پارلاق بولىدۇ، بۇنى ھەقىقىي بىلىپ يەتكەن ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ھازىرلايدۇ.

## 94. بالىڭىزغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ بېرىڭ.

ئەگەر بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتتى ھەققىدىكى بالىلار ھېكايىلىرىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا مەزكۇر يازغۇچىنىڭ بۇ تېمىدا چوڭقۇرراق بايان قىلغان كىتابلىرىنى سوۋغا قىلىڭ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەگەر بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدا مەلۇم بىر

يازغۇچىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك توغرىسىدا يازغان ھېكايىلىرىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر يازغۇچىنىڭ مۇشۇ تېمىدا يازغان كىتابلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ. بىلىڭكى، بالىڭىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى زوقى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ بولىدۇ.

### 95. قۇرامىغا يەتكەن بالىڭىزنىمۇ كىتابخانىلارغا ئېلىپ بېرىڭ.

قۇرامىغا يەتكەن بالىڭىزغا كىتاب پۇلىنى ئۆز يېنىڭىزدىن چىقىرىپ بولسىمۇ، كىتاب سېتىۋېلىڭ، كىتاب ئوقۇسۇن. چۈنكى، ئۇلار كۆپىنچە كىتاب ھەققىدە پاراڭ قىلمايدۇ، ئۆزلۈكىدىن كىتابخانىلارغا بارمايدۇ، شۇڭلاشقا سىز چوقۇم بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك. كىتابخانىلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان بالا كىتابخۇمار بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقتىنى كىتابخانىلاردا ئۆتكۈزمىسە، چوقۇم كىنوخانا ۋە قەھۋەخانىلاردا زايە قىلىۋېتىدۇ.

### 96. قۇرامىغا يەتكەن بالىڭىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت پروگراممىسىنى نازارەت قىلىڭ.

بالىلار ئادەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىدۇ. بەزى بالىلار كۈندىلىك ۋاقىت تەرتىپىنى تەنتەربىيە پائالىيىتى ۋە مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىنكى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىھۇدە ئىشلار بىلەن لىق تولدۇرىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشتىن باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقتى بولمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دەرس تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئىختىيارىي كىتاب ئوقۇشىغىمۇ دەخلى قىلىدۇ.

**97. بالىڭىز قۇرامىغا يەتكەندە ھەرخىل زىددىيەتلىك ھېسسىياتقا دۇچ كېلىدۇ ۋە تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. سىز بۇنداق ۋاقىتتا بالىڭىزغا بەكرەك ھېسداشلىق قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى سوۋغا قىلىشىڭىز كېرەك.**

گەرچە بىز مەلۇم بىر كېلىشمەسلىككە يولۇققانلىقى سەۋەبلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بالىلارنى كۆرۈپ ئەپسۇسلانساقمۇ، ئەمما بىز مۇشۇ ۋاقىتلاردىمۇ بالىنىڭ كىتاب ئوقۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى سەل چاغلىماسلىقىمىز كېرەك. بالا بەزىدە باشقىلاردىن قوبۇل قىلمىغان نەسىھەتنى بىرەر كىتاب ياكى يازغۇچىدىن قوبۇل قىلىشى مۇمكىن.



**98. ئەگەر بالىڭىز مەلۇم بىر تەنھەرىكەت تۈرىگە قىزىقسا، ئۇنى شۇ خىل تەنتەربىيە خەۋەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۈندىلىك گېزىتكە مۇشتەرى قىلىپ قويۇڭ.**

بەزى كۈندىلىك گېزىتلەر مەكتەپكە ئالاقىدار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى تارقىتىدۇ. بالىڭىز ئۆزىگە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى گېزىتلەردە كۆرگەندە، ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئاندىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ، تەنتەربىيە خەۋەرلىرىدىن باشقا كىتابلارنىمۇ ئوقۇشقا قىزىقىدىغان ئادەت شەكىللىنىدۇ.

**99. بالىڭىزنىڭ ياخشى كىتاب ئوقۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش سىزنىڭ مۇھىم نىشانىڭىز بولسۇن.**

بىز بالىمىزنىڭ جاپاغا چىداملىق، ئاكتىپلىق بىلەن تىرىشىدىغان، كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسىغا ئىگە، شۇنداقلا ھېسسىيات تۇيغۇسى باي بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەخت - سائادەت ئىچىدە كۈن كەچۈرۈشىنى، تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىقلىرى ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ياشىشىنى ھەمدە دوستلىرىغا سادىق بولۇپ، مۇھەببەتكە تولغان ئائىلە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ خىل ھاياتتا ياشاش بىلەن بىرگە يەنە قىزغىن كىتاب ھەۋەسكارى بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىگە قولايلىق ۋە مەكتىپىگە شەرەپ يارىتىدۇ - دە، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق بەخت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ، ئەمما باشقا مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە سەل قارىماڭ.